2021 ديكابىر

ئومۇمىي 28-سان

# ئۇيغۇرلار

## The Uyghurs




ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى

The Magazine of the Uyghur Culture and Survival



ئۇيغۇرلارغا قارشى ئۇرۇش 1



بىر تەۋۋەرۇك كىيسەك 30



پەرزەنتىڭىزنىڭ ئىقتىدارى 42

2021 دېكابىر

ئومۇمىي 28-سان

# ئۇيغۇرلار

## ئايلىق ئۇنىۋېرسال ژۇرنال

ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنى قەدىمىي دۇنيا مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئۇچراشقان مەدەنىيەتلەر مەركىزىدۇر. ھالبۇكى، بۇ يەردىكى ئاساسىي ئېقىم مەدەنىيىتى يەنىلا ئەزەلدىن شۇ جايدا ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىدۇر.

باش مۇھەررىر: ئۇيغۇر كۆكئارت

مۇھەررىرلەر: ھېكمەتيار ئىبراھىم

ئۆتكۈر ئالماس

**چىقارغۇچى ئورۇن :**

ئۇيغۇر پروجېكت فوندى (UPF)

www.uyghursfoundation.org

ژۇرنالنىڭ نەشر ھوقۇقى:

ئۇيغۇر پروجېكت فوندىغا تەۋە.

**مەنبەسى ھەققىدە ئىزاھات بېرىلگەن قىسمەن ئەسەرلەردىن باشقا بارلىق ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى بۇ ژۇرنالغا مەنسۇپ.**



**Biden Signs Uyghur Forced Labor Prevention Act, Delivers Another Blow to China**

# مۇندەرىجە


## مىسلىسىز ئويغىنىش

كىشىلىك تەرەققىياتتىكى
مۇھىم پرىنسىپلار 70

پەرزەنتىڭىزنىڭ ئەقلىي
ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشكە
پايدىلىق تەۋسىيەلەر

بىر دۆلەت قانداق قۇرۇلىدۇ؟ 34

## خىتاي تەتقىقاتى

ئۇيغۇرلارغا قارشى ئۇرۇش

## گۈلىستان

ياخشى ئاڭلىغۇچى
بولۇشنىڭ ئون يولى 59

ۋەھىمە 57

## ھېكمەتلەر

ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ پاراستىنى
نامايان قىلىدىغان ماقال-
تەمسىللەردىن تەرمىلەر 97

تەپەككۇر تامچىلىرى 97

## تارىخ ۋە بىز

قەشقەردىكى يېڭىچە
مەكتەپلەرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى
ھەققىدە 78

## خەلقئارا ۋەزىيەت

خىتاينىڭ «بىر بەلباغ بىر يول
قۇرۇلۇشى» ۋە قەرز سىياسىتى 72

## ساغلاملىق

ئەرلەر ساغلاملىقى توغرىسىدا
بىلىشىڭىز كېرەك بولغان نۇقتىلار 52

## مەدەنىيىتىمىزدە ئىسلام

ئىسلامدا ئاتا-ئانىنى ھۆرمەتلەش
ھەققىدىكى كۆرسەتمىلەر 25

## كۆچكۈندىكى ئۇيغۇرلار

بىر پارچە تەۋەررۈك كېسەك


## ئۇيغۇر تەتقىقاتى 36

سۋېن ھېدىننىڭ ئۇيغۇر تارىخى
ۋە مەدەنىيىتىگە قوشقان
تۆھپىسى ئۈستىدە ئىزدىنىش 71

ئەخمەتجان قاسىمى ۋە
رەھىمجان سابىرىنىڭ سوۋېت باش
كونسۇلىغا يازغان خېتى 106















خىتاي تەتقىقاتى

# ئۇيغۇرلارغا قارشى ئۇرۇش

# THE WAR ON THE UYGHURS

شان روبېرتس



Internal Campaign
a Muslim Minority

# ئۈچىنچى باب: ئۇيغۇرلارغا باغلانغان ئاتالمىش

# «تېرورلۇق تەھدىتى» ھەققىدىكى سۆز ـ چۆچەكلەر ۋە رېئاللىقلار

**بېشى ئالدىنقىساندا**

2019 ـ يىلى، فېۋرال ئېيىنىڭ قارلىق كۈنلىرىدىن بىرىدە مەن نورۋېگىيەنىڭ ئوسلو شەھىرىدىكى بىر سوت مەھكىمىسىدە ئۇيغۇرلار قۇرغان دەپ قارالغان ئاتالمىش «تېرورلۇق ئورگىنى» ۋە بۇ ئاتالمىش تېرورلۇق ئورگىنىنىڭ قىسقارتىلما يېزىلىشى ھەققىدە تالاش ـ تارتىش قىلدىم. بۇ سوت مەھكىمىسىدە مەن سۈرىيەگە بېرىپ «تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى» (Turkistan Islamic Party ـ TIP) نامىدىكى ئەسكىرىي گۇرۇپپىغا قېتىلىپ «ۋەتىنىمىنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن تەربىيىلىنىۋاتىمەن» دېگەن ئويىدا ئۇرۇش قىلغان بىر ئۇيغۇر سىياسىي پاناھلىق تىلىگۈچى ئۈچۈن مۇتەخەسسىس گۇۋاھچى بولغان ئىدىم. ئۇ ئۇيغۇر نورۋېگىيەدىكى مەزكۇر سوت مەھكىمىسىدە «تېرورلۇق» جىنايىتى بىلەن ئەيىبلىنىۋاتاتتى. نورۋېگىيەدىكى تېرورىزم قانۇنىنىڭ ئىجرا قىلىنىش شەكلىنى نەزەردە تۇتقاندا، بۇ كىشىنىڭ سۈرىيەدە نېمە ئىشلارنى قىلغانلىقى، ئۇ يەردە كىمگە قارشى ئۇرۇشقانلىقى، ياكى بىگۇناھ خەلقنى ئۆلتۈرۈپ ئۆلتۈرمىگەنلىكى مۇھىم ئەمەس ئىدى. مۇھىم بولغىنى، ئۇنىڭ «تېرورلۇق تەشكىلاتى تىزىملىكى»دە مەۋجۇت بولغان بىرەر تەشكىلات بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتقان ئورناتمىغانلىقى ئىدى. ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ تېرورلۇق تەشكىلاتى تىزىملىكىدە ئۇيغۇرلارغا ئالاقىدار تەشكىلاتلار يوق. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ «مۇقۇملاشقان تېرورلۇق تىزىملىكى»دە شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى، شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ئاللاھ پارتىيىسى، تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى ۋە تۈركىستان جامائىتى قاتارلىق گۇرۇپپا ـ تەشكىلاتلار مەۋجۇت.(1) ئامېرىكانىڭ چەتئەل تېرورلۇق تەشكىلاتلىرى تىزىملىكىدە ھېچبىر ئۇيغۇر تەشكىلاتى بولمىسىمۇ، ئامېرىكا تېرورلۇققا چەكلەش تىزىملىكىدە شەرقىي تۈركىستان ئىسلامىي ھەرىكىتى (ETIM) ۋە يالغان نامدىكى شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى (ETIP) مەۋجۇت. بىراق، بۇ تىزىملىكلەردىن ھېچبىرىدە تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى (TIP) مەۋجۇت ئەمەس. بۇ سەۋەبلىك، نۇرغۇن جەھەتلەردىن قارىلانغۇچىنىڭ تەقدىرى

تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسىنىڭ (TIP) يۇقىرىدا نامى كەچكەن ھەر قايسى تېرورلۇق تىزىملىكلىرىدە مەۋجۇت بولغان تەشكىلاتلاردىن بىرەرسى شۇ ياكى ئەمەسلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى.

سوت مەھكىمىسى ۋە ئۇنىڭ مۇتەخەسسىس گۇۋاھچىلىرى شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى (ETIM) بىلەن تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسىنى (TIP) بىر تەشكىلات دەپ قارايتتى. تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى 2002 ـ يىلىدىن باشلاپ كۆچىيىشكە باشلىغان، ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك بولغان، ئاتالمىش «تېرورلۇق تەھدىتى» ھەققىدىكى ئۆلچەملەشكەن بايانلارنىڭ ئوبيېكتلىرىدىن بىرىگە ئايلىنىپ قالغان ئىدى. بولۇپمۇ شەرقىي تۈركىستان ۋەزىيىتى ھەققىدە يېتەرلىك تونۇشقا ئىگە بولمىغان تېررورىزىم «ئانالىزچىلىرى» ئارىسىدا شۇنداق ئىدى. مەزكۇر سوت مەھكىمىسىنىڭ ئۇيغۇرلار ھەققىدە كۆپ چۈشەنچىگە ئىگە بولمىغان، ئۇيغۇر تىلىنى بىلمەيدىغان مۇتەخەسسىس گۇۋاچلىرى شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ (ETIM) تارىخى، ھەرىكەتلىرى ۋە تەرەققىياتى توغرىسىدا كەسپىي «تېررورىزم ئانالىزچىلىرى»نىڭ بايانلىرى سۈپىتىدە بىر دوكلات تەييارلىغان. ئاقلىغۇچى مۇتەخەسسىس گۇۋاھچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، بەزىلەر شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسىنى قۇرغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن بولسىمۇ، مەن شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى بىلەن تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى بىر تەشكىلات ئەمەس، دېگەن پىكىردە چىڭ تۇردۇم. گەرچە سوتتىكى مەركىزى تۇتۇم ئىككى تەشكىلاتنىڭ بىر تەشكىلات ئىكەنلىكى بولسىمۇ، بۇ توغرىسىدىكى تالاش تارتىش مېنىڭ شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى ۋە تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسىگە مۇناسىۋەتلىك بايانلارغا بولغان تەنقىدىي كۆز قارىشىمنىڭ بىر قىسمى ئىدى. مەن سوتتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان — بۇ تەشكىلاتلارنىڭ تەرەققىياتى، مۇئەييەن ھۇجۇملارغا ئىشتىراك قىلىشى، بۇ تەشكىلاتلارنىڭ ئەلقائىدە ۋە تالىبان بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ ماھىيىتى دېگەنلەر توغرىسىدىكى قېلىپلاشقان بايانلارنىڭ كۆپىيىشىگە ئۆزۈمنىڭ ئېتىرازىمنى بىلدۈردۈم.

بۇ سوت زالىدىكى مۇنازىرىنىڭ ئاساسى تېمىسى قايسى خىلدىكى بىلىملەرنىڭ بىر گۇرۇپپا ياكى شەخسنىڭ «تېرورچى» دەپ ئايرىلىشى ھەققىدە ھۆكۈم چىقىرىشىنى ئەڭ ياخشى رەۋىشتە ئوتتۇرىغا چىقىرالايدىغانلىقى بولدى. سوتنىڭ مۇتەخەسسىس گۇۋاھچىسى بۇ خىلدىكى قارارلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىنىڭ خەلقئارالىق جىھادچى تەشكىلاتلارنىڭ قانداق ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىغا ئائىت چوڭقۇر بىلىمگە ئىگە بولغان، سېلىشتۇرما خەۋپسىزلىك تەتقىقاتلىرىغا چوڭقۇر چۆككەن بىرىنىڭ نۇقتىئىنەزىرى ئاساسىدا چىقىرىلىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. مەن بولسام بۇ خىلدىكى قارارلارنىڭ كىشىلەرنىڭ شىكايەتلىرى، پەرقلىق ئىدىئولوگىيەرلەر ھەققىدە ئۇلارنىڭ قانداق ئويلايدىغانلىقى، مەلۇم بىر تەشكىلاتقا «تەۋە بولۇش»نىڭ ئۇلار ئۈچۈن نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقى توغرىسىدىكى يەرلىك بىلىملەرگە ئاساسلانغاندا ئەڭ

توغرا بولىدىغانلىقىنى ئېيتتىم. ئەپسۇسكى، ھېچبىرىمىز بىر «تېرورچى»نىڭ ئالاھىدىلىكلىرىگە ئائىت قانۇنىي ئېنىقلىمىنىڭ ئەۋزەللىكلىرى ھەققىدە مۇنازىرىلىشىشكە قادىر ئەمەس ئىدۇق، چۈنكى، تېرورىستىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ھەققىدە ھېچقانداق قانۇنىي ئېنىقلىما مەۋجۇت ئەمەس ئىدى.

ئاقىۋەتتە، مەن ئۆزۈمنىڭ نۇقتىئىنەزىرىنىڭ غالىب كەلگەنلىكىگە ئىشەندىم. ئەيىبلەنگۈچى تەرەپنىڭ مۇتەخەسسىسى ئۆز دوكلاتىدىكى مېنىڭ تەنقىدىمگە ئۇچرىغان كۆپلىگەن جەھەتلەردە ماڭا يول قويۇپ، بۇ تەشكىلاتلار ھەققىدىكى ھۆكۈملەرنىڭ ئېنىقسىز ئىكەنلىكىنى، ئېچكىرىلەپ تەتقىق قىلىنغاندىن كېيىن ئاندىن ئۇلارنىڭ مەنبەسى ۋە خاراكتېرى ھەققىدە خۇلاسە چىقارغىلى بولىدىغانلىقىنى تەن ئالدى. گەرچە پەرەز قىلىنغان گۇناھسىزلىق لوگىكىسى مېنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان سەۋەبلىرىمنىڭ ۋە قارىلىغۇچى مۇتەخەسسىسنىڭ مېنىڭ پىكرىمگە ماقۇللۇق بىلدۈرۈشى قارىلانغۇچىنىڭ «تېرورچى»لىق سالاھىيىتىگە ئىگە ئىكەنلىكىدىن شۈبھىلىنىشكە يېتەرلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرسىمۇ، سوت ئۇنى جىنايەتكار ھېسابلاپ، ئۇنىڭغا يەتتە يىللىق قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلدى. بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب، تېرورىزمغا قارشى خەلقئارالىق ئۇرۇش لوگىكىسىغا بىنائەن، ئاتالمىش مۇسۇلمان «تېرورىست» تاكى ئۇنىڭ گۇناھسىزلىقى ئىسپاتلانغانغا قەدەر جىنايەتچى دەپ قارىلاتتى.

بۇ باپتا ئاتالمىش تېرورىزمغا قارشى خەلقئارا ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى ئون يىلىدىكى ئۇيغۇرلارغا باغلىنىشلىق ئاتالمىش «تېرورىزم تەھدىتى» بىرىنچى قول مەنبەلەر ۋە بىرلەمچى دەلىللەرنى ئاساس قىلغان، شۇنداقلا «تېرورىزم تەتقىقاتى» ساھەسىدىكى ئىككىلەمچى مۇلاھىزىلەرگە مۇراجىئەت قىلغان ئاساستا تەنقىدىي شەكىلدە مۇلاھىزە قىلىنىدۇ. مېنىڭ سوتتىكى گۇۋاھلىقىمغا ئوخشاشلا، بۇ ھەقتىكى بايقاشلىرىممۇ شەرقىي تۈركىستانغا مۇناسىۋەتلەشتۈرۈلگەن، يۇقىرىدا نامى كەچكەن تەشكىلاتلار ھەققىدىكى ئادەتلەنگەن بايانلارغا، شۇنداقلا ئامېرىكا ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتىنى «تېرورلۇق تەشكىلاتى» تىزىملىكىگە كىرگۈزۈشتىكى تۈپ سەۋەبكە جەڭ ئېلان قىلىدۇ. مەن شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى (ETIM) دەپ ئاتالغان ۋە ئۇيغۇرلار قۇرغان دەپ قارالغان «تېرورلۇق تەشكىلات»لىرىنى ئەمەلىيەتتە ھەرىكەتلىرى تاشقى ئېلېمېنتلار تەرىپىدىن چەكلىمىلىككە ئۇچرىغان، تېرورلۇققا قارشى ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى ئون يىلىدا خىتايغا ياكى دۇنياغا ھەقىقىي رەۋىشتە قورقۇنچ ئېلىپ كېلەلمىگەن، دىنىي قىزغىنلىققا تولغان ئۇيغۇر قورallıq ھەرىكىتى دەپ قارايمەن. بۇنىڭدىن سىرت، مەن مەيلى شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ بولسۇن، مەيلى تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسىنىڭ بولسۇن قەستەنلىك بىلەن خەلقنى نىشانلىغان سىياسىي زوراۋانلىق پائالىيىتىنى ئىسپاتلايدىغان ھېچقانداق پاكىت تاپالمىدىم. بۇ كىتاب يۇقىرىقىدەك ئىشنى قىلىشقا (خەلقنى سىياسىي زوراۋانلىق نىشانىغا ئېلىشقا) «تېرورلۇق» دەپ ئېنىقلىما بېرىدۇ. ئاقىۋەتتە، گەرچە بۇ ھەرىكەتنىڭ ئاساسى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ئىزچىل ھالدا ئۇيغۇرلارنىڭ

ۋەتىنىدىكى دەھشەتلىك ئەھۋال بولۇپ، بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ ئاداققى نىشانى شەرقىي تۈركىستاندا مۇستەقىل ئۇيغۇر دۆلىتى قۇرۇش بولسىمۇ، ئەمما بۇلارنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا يۇرتى ئۈچۈن بولغان تەسىرى بەك ئاز بولدى. بۇ مۇھىم نۇقتا جۇڭگونىڭ شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتىدىكى ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن «تېرورىزم تەھدىتى»گە دۇچ كەلگەنلىكى توغرىسىدىكى بايانلىرىغا سوئال تۇغدۇرىدۇ. بۇ خىتاينىڭ يىگىرمە يىلغا يېقىن ۋاقىت مابەينىدە ئۇيغۇرلارغا قاراتقان باستۇرۇش سىياسىتىنى يوللۇقلاشتۇرۇپ كەلگەن داۋادۇر.

مېنىڭ بۇ ھەرىكەتنىڭ تەرەققىياتى، نىشانى، تارماقلىرى ۋە ساداقىتى جەھەتتىكى مۇلاھىزىلىرىم ئۇلار ھەققىدە يېزىلغان ماتېرىياللاردىن كەلگەن، شۇنداقلا ئاشۇ ماتېرىياللارنىڭ يېزىلىشىدا پايدىلىنىلغان مەنبەلەردىن كەلگەن. مۇلاھىزىلىرىم يەنە مۇشۇ يىگىرمە يىل مابەينىدە ئۇشبۇ تەشكىلاتقا قاتناشقان كىشىلەر بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈش، تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسىنىڭ ئۇيغۇرچە تارقىتىلغان ھۆججەتلىرىنى ۋە ۋىدىيولىرىنى چوڭقۇرلاپ ئانالىز قىلىش، شۇنداقلا ئۇيغۇر تارىخى، مەدەنىيىتى ۋە تىلى ھەققىدىكى بىلىم-چۈشەنچىلىرىم قاتارلىقلاردىنمۇ كەلگەن. گەرچە شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى ۋە تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسىنىڭ 2012-يىلغىچە بولغان تارىخى توغرىسىدىكى بۇ بايانلار ئىشەنچلىك مەلۇماتلارنىڭ كەمچىللىكى سەۋەبلىك قىيىنچىلىققا ئۇچرىغان ۋە پەرەزلەرگە تايانغان بولسىمۇ، مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، بۇ ھەقتىكى بايانلىرىم يەرلىك تارىخ ۋە مەدەنىيەتنى چىقىش نۇقتىسى قىلغان، شۇنداقلا ئۇيغۇر تىلىدىكى مەنبەلەردىن پايدىلانغانلىقى ئۈچۈن، نۆۋەتتە بۇ ھەقتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ۋە نوپۇز قازانغان بايانلاردىن بەكراق ئىشەنچلىكتۇر.

## «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»: تەسەۋۋۇردىكى «تېرورلۇق» تەشكىلاتى

مەن ئىگەللىگەن مەلۇماتلارغا كۆرە، ئۆزىنى شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى ياكى ETIM دەپ ئاتىغان ھېچ قانداق بىر تەشكىلات مەۋجۇت ئەمەس. ھالبۇكى، 1998 - يىلىدىن 2001 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» قالپىقى كىيگۈزۈلگەن بىر بۆلۈك ئۇيغۇرلار دەرۋەقە مەۋجۇت بولغان، شۇنداقلا شەرقىي تۈركىستاندا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش نىيىتىدە ئافغانىستاندا بىر جامائەت قۇرغان، ھالبۇكى، (شەرقىي تۈركىستاندا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشتىن ئىبارەت) بۇ نىشان ئەزەلدىن ئىشقا

ئاشمىغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، تەشكىلىي جەھەتتىن چېچىلاڭغۇ بولغان بۇ تەشكىلاتنىڭ رەھبەرلىرى مەزكۇر ئۇيغۇر جامائىتىنى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» دەپ ئاتىماستىن، 1990 ـ يىلى بارىندا خىتاي بىخەتەرلىك قىسىملىرىغا قارشى كۆرەش قىلغانلارنىڭ شەرىپىگە ئاتاپ، شۇلارنىڭ تەشكىلاتىنىڭكىگە ئوخشاش قىلىپ، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى» (ETIP) دەپ ئاتىغان. بارىندا زەيدىن يۈسۈپنىڭ، ئافغانىستاندا ھەسەن مەخسۇمنىڭ ئوخشاشلا بۇ ئىسمنى ئىشلىتىشى نۇرغۇن «تېرورلۇق» تەھلىلچىلىرىنىڭ «ھەسەن مەخسۇمنىڭ تەشكىلاتى بارىندا خىتاي بىخەتەرلىك قىسىملىرى بىلەن توقۇنۇشقان تەشكىلات شۇ» دەپ قارىشىغا سەۋەب بولغان. بۇنىڭدىن سىرت، زەيدىن يۈسۈپ بىلەن ھەسەن مەخسۇم ئىككىلىسى قاغىلىقتىكى ئابدۇلھەكىم مەخسۇم ھاجىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى بولغاچقا، نۇرغۇن مەنبەلەردە بۇ كىشىنىڭ «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى» («شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»مۇ دېيىلىدۇ) نىڭ ھەقىقىي قۇرغۇچىسى ئىكەنلىكى ۋە بۇ تەشكىلاتنىڭ 1940 ـ يىلى ياكى 1950 ـ يىللاردىلا قۇرۇلۇپ بولغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

ھەسەن مەخسۇممۇ ئافغانىستاندىكى بۇ بولغۇسى قوراللىق تەشكىلاتنى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئۇيغۇر دىنىي مىللەتچىلىكىگە باغلاش ئارقىلىق، بۇ خىل خاتا چۈشەنچىنىڭ شەكىللىنىشىگە مۇئەييەن دەرىجىدە سەۋەبچى بولغان. مەزكۇر مىللەتچىلىك ئېقىمى ئۆزىنىڭ 1930 ـ يىللاردىكى بىرىنچى قېتىملىق شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنى مەنبە قىلغانلىقىنى، ھەتتا گاھىدا ئۇيغۇر تارىخىدىكى تېخىمۇ ئىلگىرىكى مەزگىللەرگە تۇتىشىدىغانلىقىنى دەۋا قىلاتتى. 2002 ـ يىلى ھەسەن مەخسۇم «ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى»نىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆز تەشكىلاتىنىڭ مەنبەسى توغرىسىدىكى سوئالغا جاۋاب بەرگەندە، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. ئىسلام شەرقىي تۈركىستانغا كىرگەندىن تارتىپ بۈگۈنگىچە، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىسلامىي ھەرىكەت ھېچقاچان توختاپ باقمىدى؛ ئۇلار گاھىدا ئىسلام بويىچە ياشاش ھەققى ئۈچۈن كۆرەش قىلغان بولسا، گاھىدا ھۆرلۈك ۋە مۇستەقىل ئۈچۈن كۆرەش قىلدى؛ ئۇلار گاھىدا بىرلىكتە كۆرەش قىلغان بولسا، گاھىدا گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ ھەرىكەت قىلدى» دېگەندى (3). شۇنىڭغا دىققەت قىلىش زۆرۈركى، ھەسەن مەخسۇم ئاشۇ قېتىملىق زىيارەتنىڭ داۋامىدا مۇشۇ نۇقتىنى ئىزاھلاپ، ئۇنىڭ تەشكىلاتىنىڭ روھى 1990 ـ يىلى بارىندا ۋۇجۇدقا كەلگەن بولسىمۇ، تەشكىلاتنىڭ 1998 ـ يىلى ئافغانىستاندا قۇرۇلغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

ھەسەن مەخسۇم بۇ باياناتى ئارقىلىق ئۆز ـ ئۆزىگە زىت گەپ قىلغىنى يوق، باشقىلارنى قايمۇقتۇرغىنىمۇ يوق. ئەكسىچە، ئۇ ئاشۇ سۆزىدە نۇرغۇن ئۇيغۇر مىللەتچىلىرىگە ـ مەيلى دىندار، ياكى دەھرىي بولسۇن ـ ئورتاق بولغان بىر ھېسسىياتنى، يەنى ئۆزلىرىنىڭ (ئۇيغۇرلارنىڭ) ھازىرقى زامان خىتاي دۆلىتى بىلەن بولغان تىركىشىشىنىڭ ئەبەدىي ۋە توختاۋسىز ئىكەنلىكىگە بولغان چۈشەنچىسىنى ئوتتۇرىغا

قويغانىدى. ئۇيغۇر مىللەتچىلىك تارىخشۇناسلىقىدا ھازىرقى زامان خىتاي دۆلىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى مۇستەملىكە قىلىش تارىخىدىكى نۇرغۇن ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھەرىكەتلىرى ئۆزئارا ئارىلاشتۇرۇۋېتىلىدىغان بولۇپ، كۆپىنچە ھاللاردا ئوخشىمىغان دەۋرلەردىكى بۇ ھەرىكەتلەردە مەۋجۇت بولغان ئوخشىمىغان ئىدىئولوگىيەلەر بىر ـ بىرىدىن پەرقلەندۈرۈلمەيدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ھەسەن مەخسۇم «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ ئۆزۈن تارىخنى تىلغا ئالغاندا، ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلامدىن ئوزۇق ئالغان ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھەرىكەتلىرىنىڭ ئۇزۇن تارىخنى نەزەردە تۇتقان بولۇپ، شۇ ئارقىلىق ئۇيغۇر دىيارىنى ئازاد قىلىش كۈرەشلىرىنىڭ توختاۋسىز داۋاملىشىپ كەلگەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

ئەمەلىيەتتە، ھەسەن مەخسۇم 1998 ـ يىلىنىڭ بېشىغا كەلگەندە ئاندىن ئافغانىستاندا ئۆز تەشكىلاتىنى قۇرغان، شۇنداقلا ئۇنى ھېچقاچان ئۇيۇشۇشچان بىر تەشكىلاتقا ئايلاندۇرالمىغان. ئەكسىچە، مەزكۇر تەشكىلات ئۆز تارىخى مابەينىدە، بىرەسمىي جامائەتلىك ھالىتىنى ساقلاپ، ھامان بىر كۆنى ئۇيغۇر دىيارىدا خىتاي دۆلىتىگە قارشى جەڭ قىلالايدىغان ئارمىيەنى يېتىشتۈرۈپ چىقماقچى بولغان، ئەمما بۇ نىشانىدىمۇ ئۆز كونتروللۇقىدىن ھالقىغان كۈچلەرنىڭ توسقۇنلۇقىغا ئۇچرىغان. گەرچە، ھەسەن مەخسۇم ئاشكارا باياناتلىرىدا بۇ تەشكىلاتنى دائىم «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى» دەپ ئاتايدىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئۆزىنىڭ ساقلىنىپ قالغان ۋىدىيولىرىدا، تېخىمۇ كۆپ ھاللاردا بۇ تەشكىلاتنى «جامائەت» دەپلا ئاتىغان. ماھىيەتتە، بۇ جامائەت ھەسەن مەخسۇم تەشەببۇس قىلغان ۋە رويابقا چىقارغان بىر پروجېكت ئىدى. نەتىجىدە، مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ تۈپ ئىدىئولوگىيەسىنى ۋە نىشانىنى چۈشىنىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى، ئىشنى ھەسەن مەخسۇمنىڭ بۇ جامائەتنى، ھېچبولمىغاندا ئۇنىڭ رەھبەرلىرىنى رىغبەتلەندۈرۈش رولىنى ئوينىغان ئۇيغۇرچە سىياسى ئىسلام نۇقتىئىينەزىرىدىن باشلاشتۇر.

## ھەسەن مەخسۇمنىڭ ئۇيغۇر ئىسلامىي مىللەتچىلىكى ۋە ئۇنىڭ ئافغانىستاندىكى جامائىتىنىڭ كېلىپ چىقىشى

ھەسەن مەخسۇمنىڭ سىياسىي ئىسلام ھەققىدىكى كۆز قاراشلىرى 1980 ـ يىللاردا ۋە 1990 ـ يىللارنىڭ بېشىدا شەكىللەنگەن. «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» ھەققىدىكى خەلقئارالىق ئەسەرلەرنىڭ كۆپىنچىسىدە ھەسەن مەخسۇم ۋە ئۇنىڭ تەشكىلاتىنىڭ سەئۇدى ئەرەبىستان، پاكىستان ۋە ئافغانىستاندىن ئىمپورت قىلىنغان «ئاشقۇن» ئىسلام ئىدىئولوگىيەسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. ئەمما ھەسەن مەخسۇمنىڭ تەرجىمىھالى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، بۇ قاراش ئانچە پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ. 1980 ـ ۋە 1990 ـ يىللاردا پاكىستاندىكى مەدرىسلەردە ئوقۇغان ئۇيغۇرلار ناھايىتى كۆپ بولسىمۇ، ئەمما بۇلارنىڭ قاتارىدا ھەسەن مەخسۇم يوق ئىدى. يەنە شۇنىڭدەك، گەرچە پاكىستانلىق سودىگەرلەر بۇ مەزگىلدە ئۇيغۇر دىيارىغا دائىم كېلىپ تۇرغان بولسىمۇ، بۇ تىجارەتچىلەر ھەسەن مەخسۇمنىڭ دىنىي ئىدىيەسىگە ئالاھىدە تەسىر كۆرسىتەلىگەندەك قىلمايتتى. ئاخىرىدا، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» توغرىسىدىكى بىر قىسىم داڭلىق خەلقئارالىق مەنبەلەردە، مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ ئىدىئولوگىيەسىنىڭ 1980 ـ يىللاردا مۇجاھىدلار بىلەن بىللە سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى تەرىپىدىن تەربىيەلەنگەن ئۇيغۇرلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئەمما خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ بۇ مەقسەتتە ئۇيغۇرلارنى تەربىيەلەپ باققانلىقى توغرىسىدا ھېچقانداق پاكىت يوق (4). 1980 ـ يىللىرىدا خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى تەرىپىدىن ئافغانىستاندا ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن تەربىيەلەنگەن ئىنتايىن ئاز ساندا ئۇيغۇر بار دېگەن تەقدىردىمۇ، مەن ئەزەلدىن بۇ ھەرىكەتنى بىلىدىغان ئۇيغۇرنى ئۇچرىتىپ باقمىدىم، ھەمدە بۇ خىل كەچمىشكە ئىگە ھەرقانداق كىشىنىڭ ھەسەن مەخسۇم بىلەن مۇناسىۋەتتە بارلىقىمۇ ئىسپاتلانمىغان.

ھەسەن مەخسۇمنىڭ ئافغانىستاندىكى جامائىتىگە بولغان تەسەۋۋۇرى سىرتتىن شەرقىي تۈركىستانغا كىرگەن ئىسلام تەلىماتلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولماستىن، سىياسىي ئىسلام ھەققىدىكى يەرلىك

ئىدىيەلەرنىڭ مەھسۇلىدەك قىلاتتى. قەشقەرنىڭ يېڭىسار ناھىيەسىدە تۇغۇلغان ھەسەن مەخسۇم 13 يېشىدا ئائىلىسىدىكىلەر تەرىپىدىن ئابدۇلقادىر ئىسىملىك شەيخنىڭ ھامىيلىقىدا ئىسلام دىنىنى ئۆگىنىشكە ئەۋەتىلگەن، ھەسەن مەخسۇم بۇ كىشى بىلەن يەتتە يىل بىللە تۇرغان ۋە ئۇنىڭدىن بىرەسمىي تەلىم ئالغان. 1984 ـ يىلى، (ئۇستازى) ئابدۇلقادىر ھەسەن مەخسۇمنى قاغىلىقتا شەيخ ئابدۇلھەكىم مەخسۇم ھاجىنىڭ قولىدا ئوقۇتۇشقا ئەكەلگەن. ئابدۇلھەكىم مەخسۇم ھاجى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە، 1990 ـ يىلى بارىندا خىتاي بىخەتەرلىك قىسىملىرى بىلەن بولغان توقۇنۇشتىكى ئۇيغۇر رەھبىرى زەيدىن يۈسۈپنىڭمۇ ئۇستازىدۇر (5). گەرچە ئابدۇلھەكىم مەخسۇم ھاجى 1984 ـ يىلى سەئۇدى ئەرەبىستانغا ھەجگە بارغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ مائارىپ ئىشلىرى ئۇيغۇر دىيارىدا 1930 ـ ۋە 1940 ـ يىللاردىلا باشلانغان بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا ئۇنىڭ سىياسىي ئىسلامغا بولغان كۆز قارىشى سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى سەلەفىيلىك ئەنئەنىسىنىڭ ئەمەس، بەلكى تۇنجى شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىدىكى ئۇيغۇر دىنىي مىللەتچىلىكىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

ئەپسۇسلىنارلىقى، ئابدۇلھەكىم مەخسۇم ھاجىنىڭ 1980 ـ يىللىرىدىن بۇيانقى بارلىق تەلىماتلىرى پەقەت ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ خاتىرىسىدىلا ساقلىنىپ قالغان. ئەمما، مەن زىيارەت قىلغان بىر ئوقۇغۇچىسى ئۇنىڭ سىياسەت بىلەن دىنىنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى كۆز قارىشىنىڭ ھازىرقى خىتاي دۆلىتىنىڭ ئۇيغۇر دىيارىنى مۇستەملىكىۋى كونترول قىلىشىغا بولغان قارشىلىق بىلەن مۇناسىۋەتلىك يەرلىك مەسىلىلەرگە چوڭقۇر باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى تەكرار تەكىتلىدى. زىيارىتىمنى قوبۇل قىلغان بۇ كىشى ئابدۇلھەكىم مەخسۇم ھاجىنىڭ 1970 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا تۈرمىدە ئۇيۇشتۇرغان بىرەسمىي ئۆگىنىش مەجلىسىنىڭ ئىشتىراكچىسى بولۇپ، تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىنمۇ، 1980 ـ يىللاردا باشتىن ـ ئاخىر قاغىلىقتا ئابدۇلھەكىم مەخسۇم ھاجىنىڭ قولىدا ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرغان. بۇ كىشىنىڭ ئېيتىشىچە، شەيخ (ئابدۇلھەكىم مەخسۇم ھاجى، تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن) ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن قۇرئان ۋە باشقا دىنىي ئەسەرلەرنى، شۇنداقلا يەرلىك كلاسسىك ئەدەبىيات ئەسەرلىرىنى ھەمدە شەرقىي تۈركىستاننىڭ ۋە دۇنيانىڭ تارىخىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تېخىمۇ كەڭ كۆلەملىك مائارىپ پروگراممىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ بۇ كەڭ كۆلەملىك مائارىپ پروگراممىسى ئارقىلىق، ئىسلامدىن ئىلھام ئېلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ خىتايدىن مۇستەقىل بولۇشى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشنى تەشەببۇس قىلغان. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئابدۇلھەكىم مەخسۇم ھاجى سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ سەلەفىي ئەنئەنىسىگە قارىغاندا، 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئۇيغۇر دىيارىدىكى مۇستەملىكىچىلىككە قارشى جەدىدچىلىك ئەنئەنىسىنىڭ تەسىرىگە تېخىمۇ بەكرەك ئۇچرىغان بولۇشى مۇمكىن (6). ئېنىقكى، ئۇ نوقۇل ھالدا ئەرەبچە دىنىي ئەسەرلەرگىلا تايانماستىن، يەرلىك ئۇسلۇبتىكى ئۇيغۇرچە ئەسەرلەرگە، شۇنداقلا تارىخ ۋە ئەدەبىيات جەھەتتىكى «زامانىۋى» مائارىپ

ئەنئەنىسىگىمۇ ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇ بۇ ئارقىلىق جەدىدچىلەرگە ئوخشاش، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا مۇستەملىكىچىلىككە قارشى مىللىي ئويغىنىش ئىدىيەسىنى تەشۋىق قىلغان بولۇپ، بۇمۇ ئۇلارنىڭ «زامانىۋىلىشىشۋاتقان» مۇسۇلمانلىق كىملىكىدە يىلتىز تارتقان (7).

ئابدۇلھەكىم مەخسۇم ھاجىنىڭ قاغىلىقتىكى يەر ئاستى مەكتىپى ئۇيغۇر دىيارىنىڭ جەنۇبىدا كەڭ تونۇلغان. شۇنداقلا، مەلۇم بىر بىر خەۋەردار كىشىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ 1979 ـ يىلى تۈرمىدىن چىققاندىن تارتىپ 1990 ـ يىلى مەدرىسى تاقالغانغا قەدەر، جەمئىي يەتتە مىڭ ئۇيغۇر ياشقا دەرس بەرگەن (8). ئۇنىڭ نۇرغۇن ئىخلاسمەن ئوقۇغۇچىلىرى قاغىلىقتا ئۇزۇن يىل تۇرۇپ، ئۇنىڭ يېتەكچىلىكىدە ياش ئوقۇغۇچىلارغا دەرس بەرگەن. ھەسەن مەخسۇممۇ 1984 ـ يىلدىن 1990 ـ يىلغىچە قاغىلىقتا ئوقۇغان. 1990 ـ يىلى دائىرىلەر بارىن ۋەقەسى سەۋەبىدىن ئابدۇلھەكىم مەخسۇم ھاجىنىڭ مەدرىسىنى تاقىتىۋەتكەن (9). ھەسەن مەخسۇم ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئابدۇلھەكىم مەخسۇم ھاجى ۋە ئۇنىڭ تەلىماتلىرىنى ئۆزىنىڭ ئافغانىستاندىكى جامائىتىنىڭ ئۇلىنى تەشكىل قىلىدىغان ئۇيغۇر مۇسۇلمان مىللەتچىلىكىنىڭ ئىلھام مەنبەسى دەپ قارىغان.

گەرچە ھەسەن مەخسۇم «بارىن ۋەقەسى»گە قاتناشمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئەينى ۋاقىتتا قاغىلىقتا بولغاچقا، ئۇ ئۆز ساۋاقداشلىرى قاتناشقان بۇ ۋەقەلەردىن رىغبەتلەنگەن ۋە ئۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. ھەسەن مەخسۇم 1990 ـ يىلىدىكى بارىندىكى زەيدىن يۈسۈپ باشچىلىقىدىكى تەشكىلاتنىڭ روھىنىڭ داۋامى سۈپىتىدە، 1998 ـ يىلى ئافغانىستاندا ئۆزىنىڭ يېڭى تەشكىلاتىنى قۇرۇپ چىققان ۋە شۇ ۋەجىدىن زەيدىن يۈسۈپ ئۆز تەشكىلاتىغا قويغان ئىسمىنى قوللانغان (10). بۇنىڭدىن باشقا، 1990 ـ يىلى خىتاي دائىرىلىرىنىڭ بارىن ۋەقەسىنى باستۇرۇشى جەريانىدا، ھەسەن مەخسۇم مەزكۇر ۋەقەگە چېتىشلىق دېگەن گۇمان بىلەن قولغا ئېلىنىپ، ئالتە ئاي تۈرمىدە ياتقان. ئۇ تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىنمۇ، ئۆز يۇرتىدىن چىقىشى چەكلىنىپ، يەرلىك دائىرىلەر تەرىپىدىن نازارەت ئاستىغا ئېلىنغان (11). بۇ مەزگىلدە، ھەسەن مەخسۇم يەنە بىرەسمىي دىنىي ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان بولۇپ، ئۇستازى ئابدۇلھەكىم مەخسۇم ھاجىدىن ئۆگەنگەنلىرىنى تەشۋىق قىلغان. نەتىجىدە، ئۇ 1993 ـ يىلى مەزكۇر پائالىيەتلىرى سەۋەبلىك يەنە قولغا ئېلىنىپ، ئۈچ يىللىق ئەمگەك ئارقىلىق قايتا تەربىيەلەش جازاسىغا ئۇچرىغان (12).

گەرچە، ھەسەن مەخسۇمنىڭ 1996 ـ يىلىدىكى قويۇپ بېرىلىش شەرتلىرىدە ئۇنىڭ قەشقەر رايونىدا تۇرۇشى تەلەپ قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ 1997 ـ يىلىنىڭ بېشىدا چېگرادىن چىقىپ كېتىشنى قارار قىلغان ۋە ئۆرۈمچىدىن بېيجىڭغا، ئۇ يەردىن مالايسىياغا، ئاندىن سەئۇدى ئەرەبىستانغا بارغان (13). ھەمدە شۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇر دىيارىغا قايتىپ باقمىغان. شۇنىسى ئېنىقكى، ھەسەن مەخسۇم 1997 ـ

يىلىنىڭ كۆپ قىسمىنى سەئۇدى ئەرەبىستان ۋە تۈركىيەدە ئۆتكۈزگەن ۋە بۇ يەرلەردە سۈرگۈندىكى ئۇيغۇرلارنى ـــ ئوقۇتقۇچىسى ئابدۇلھەكىم مەخسۇم ھاجىدىن قوبۇل قىلغان ئىدىيەگە ئاساسەن ـــ خىتايغا قارشى پارتىزانلىق ئۇرۇشى قىلىشقا كۈندۈرۈشكە ئۇرۇنغان. ھەسەن مەخسۇمنىڭ 2004 ـ يىلى «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ تور بېتىدە ئېلان قىلىنغان تەرجىمىھالىغا قارىغاندا، ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى تىرىشچانلىقلىرى ھېچقانچە ئۈنۈم بەرمىگەن ھەمدە ئۇ سۈرگۈندىكى ئۇيغۇر جامائەتچىلىكى ئارىسىدا ئىنتايىن ئاز، يوقنىڭ ئورنىدا قوللىغۇچىغا ئېرىشكەن (14) يەنە شۇ ئۇچۇر مەنبەسىگە كۆرە، ھەسەن مەخسۇم 1998 ـ يىلىنىڭ بېشىدا «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى جىھاد تۇپرىقىغا قەدەم قويغان» ۋە ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە شۇ يەردە تۇرغان. ھەسەن مەخسۇم بۇ «جىھاد تۇپرىقى»دا، خىتاي ھۆكۈمىتىگە قارشى جىھاد قوزغاپ، ئۇيغۇر دىيارىنى ئازاد قىلىدىغان بىر قوشۇن يېتىشتۈرۈش مەقسىتىدە مەشىقلەندۈرۈش مۇئەسسەسەلىرىنى قۇرغان. بۇ ھەرىكەت خىتايدىكى مەۋجۇتلۇقى تەسەۋۋۇر قىلىنغان، بارىن ۋەقەسىگە ياكى ـــ نۇرغۇن مەنبەلەر تەرىپىدىن ئىلگىرى سۈرۈلگىنىدەك ـــ 1990 ـ يىللىرىدىن ئىلگىرىكى ھەر قانداق قوراللىق ھەرىكەتكە مەسئۇل بولغان، ئۇيۇشۇشچان قوراللىق تەشكىلات تەرىپىدىن پىلانلانمىغانىدى. ئەكسىچە، بۇ پەقەت ھەسەن مەخسۇمنىڭ تەشەببۇسى ئىدى، خالاس. ئەمما، شۇنداق بولۇشىغا قارىماستىن، ھەسەن مەخسۇم ئۆز پائالىيىتىنى ئۇيغۇرلارنىڭ (خىتايغا قارشى) ئەبەدىي كۈرىشىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە كۆرگەن بولۇشى؛ بولۇپمۇ بۇ كۈرەش تارىختا ئىسلامنى ئاساس قىلغانلىقى، جۈملىدىن بارىن ۋەقەسى ۋە تۇنجى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»دىن ئىبارەت مىراسنى قالدۇرغانلىقى ئۈچۈن، تېخىمۇ شۇنداق بولغان بولۇشى مۇمكىن.

## ھەسەن مەخسۇمنىڭ ئافغانىستاندىكى جامائىتىنىڭ 2001 ـ يىلىغىچە بولغان ئەھۋالى

ھەسەن مەخسۇمنىڭ مەزكۇر جامائەتتىكى مۇئاۋىنى دېيىلگەن ئابدۇللاھ قارىھاجىنىڭ سۆزىگە كۆرە، ھەسەن مەخسۇم ۋە ئۇنىڭ بىر تۈركۈم ئەگەشكۈچىلىرى 1997 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئالدى بىلەن تۈركىيەدىن پاكىستانغا بېرىپ، ئاندىن شۇ يەردىن ئافغانىستانغا كىرىشنى پىلانلىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار دەسلەپتە چېگرادىن ئۆتكۈزۈلمىگەن (15). ئاندىن، پاكىستاننىڭ بىخەتەرلىك تارماقلىرى بىلەن قويۇق مۇناسىۋىتى بار تالىبان قوماندانى جالالىددىن ھەققانىينىڭ رۇخسىتى ۋە ياردىمى بىلەنلا، ھەسەن مەخسۇم ۋە ئۇنىڭ ئەترىتى 1998 ـ يىلىنىڭ بېشىدىكى مەلۇم ۋاقىتتا ئافغانىستانغا كىرگەن ۋە جالالئابادتا بارگاھ قۇرغان

(16). ھەسەن مەخسۇمنىڭ تەشكىلاتى جالالئابادتا بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن، خوستتا (خوست — ئافغانىستاندىكى بىر ئۆلكە ۋە ئۇنىڭ مەركىزي شەھرىنىڭ ئىسمى، ت) پائالىيەت قىلغۇدەك ماكانغا ئېرىشكەن (17). گەرچە ئۇلار ھەققانىينىڭ تەستىقى بىلەن ئافغانىستانغا كىرگەن بولسىمۇ، ئەمما ھەسەن مەخسۇم ئۆزلىرىنىڭ تالىبان بىلەن ھېچقانداق «تەشكىلىي مۇناسىۋىتى» بولۇپ باقمىغانلىقىنى ئىنكار قىلغاندى، شۇنداقلا ئۇنىڭ بۇ سۆزىگە ئىشەنمەسلىككە ئاساس يوق (18). بىۋاسىتە شاھىتلارنىڭ كۆپىنچىسىگە كۆرە، ئافغانىستاندىكى ھەسەن مەخسۇم باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر جامائىتى بۇ دۆلەتتىكى باشقا قوراللىق تەشكىلاتلاردىن ئاساسەن ئايرىلغان ھالەتتە ئىدى. ئابدۇللاھ قارىھاجى بۇ تەشكىلاتنىڭ 2001 ـ يىلىغىچە ئۈچ بارگاھ قۇرغانلىقىنى، بۇ يەردە خىتاي (ئىشغالىيىتىدىكى شەرقىي تۈركىستان)دىن قېچىپ چىققان 500 گە يېقىن ئۇيغۇر ئائىلىسىنى پاناھلاندۇرغانلىقىنى ۋە بۇ ئائىلىلەردىكى ئەرلەرنى قورال ئىشلىتىش جەھەتتە مەشقلەندۈرگەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدى (19). گەرچە بۇ گەپ راست بولۇشى مۇمكىن بولسىمۇ، ئەمما بۇ بارگاھلارنىڭ بىر ـ بىرىگە قوشنا ياكى ئەمەسلىكى، ئارقا ـ ئارقىدىن شەكىللەنگەن ياكى ئەمەسلىكى، بۇ يەردە قانداق قوراللارنى ئىشلىتىشنىڭ مەشىق قىلىنغانلىقى، مەشقلەنگۈچىلەرنىڭ ئاخىرىدا ھەسەن مەخسۇمنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنغان ـ بويسۇنمىغانلىقى، ھەتتا ئۆزىنى («شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى» دېگەندەك) مۇئەييەن بىر تەشكىلاتنىڭ ئەزاسى دەپ قارايدىغان ـ قارىمايدىغانلىقىمۇ ئېنىق ئەمەس ئىدى. ئابدۇللاھ قارىھاجىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ مەزكۇر بارگاھلاردا مەشقلەندۈرۈلگەن كىشىلەرنىڭ خىتايدا ھۆكۈمەت ياكى پۇقرالارغا قارىتا ھەرقانداق ھۇجۇم قىلىپ باققانلىقىنى بىلمەيدىكەن (20). ئەمەلىيەتتە، مەشقنىڭ مۇددىئاسىمۇ بۇ ئەمەستەك قىلاتتى. ھەسەن مەخسۇمنىڭ ساقلىنىپ قالغان ۋىدېيولىرىدا تەكرار ئېيتقىنىدەك، مەشقنىڭ مەقسىتى ئۇيغۇرلارنى كەلگۈسىدە خىتاي ھۆكۈمىتىگە قارشى قوزغالغۇسى كەڭ كۆلەملىك جىھادقا ھازىرلاندۇرۇش بولۇپ، بۇ پىلاننىڭ كونكرېت ۋاقىت جەدۋىلى يوقلۇقى ئېنىق ئىدى (21).

شۇنىسى ئېنىقكى، بۇ مەزگىلدە، ھەسەن مەخسۇمنىڭ جامائىتىنىڭ تورغا چىقىپ ئۇچۇر يوللاش ۋە ۋىدېيولارنى ئېلان قىلىش ئىمكانىيىتى يوق ئىدى، ئەمما بۇ جامائەتنىڭ ئەزالىرى دائىم ئۆز ئالدىغا قىسقا ۋىدېيولارنى تارتىپ قويغان بولۇپ، بۇ ۋىدېيو پارچىلىرى «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ 2008 ـ يىلىدىن كېيىنكى نۇرغۇن ۋىدېيولىرىدىن ئورۇن ئالدى. «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ ۋىدېيولىرىدىكى كۆرۈنۈشلەرنىڭ كۆپىنچىسى بۇ بولغۇسى جەڭچىلەرنىڭ ئىقتىدارى ۋە ئۆزىنى بېغىشلاش روھىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بولغاچقا، ئۇلار كۆپىنچە ئۇيغۇرلارنىڭ مەشق قىلىۋاتقان ۋە قورال ئېتىۋاتقان كۆرۈنۈشلىرىنى ئاساس قىلغان، ئەمما بۇ ۋىدېيولاردا يەنە بۇ تەشكىلاتنىڭ پائالىيەتسىزلىكى ۋە بايلىق كەمچىللىكى يوشۇرۇلغان. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، بۇ دەۋردىكى

ۋىدېيولارنىڭ ھېچقايسىسىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەمەلىي جەڭ ئىچىدىكى كۆرۈنۈشلىرى يوق، (ۋىدېيولاردا كۆرسىتىلگەن) مەشىق گۇرۇپپىسىدىمۇ ئەزەلدىن ئون نەچچىدىن ئارتۇق ئادەم بولۇپ باقمىغان بولۇپ، بۇلارمۇ كۆپىنچە ھاللاردا پەقەتلا 47 ـ AK تىپلىق مىلتىق بىلەنلا قوراللانغانىدى (22). بۇ ۋىدېيولاردا پەقەت مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ پائالىيەتلىرى داۋامىدىكى چوڭ ۋەقەلەرلا فىلىمگە ئېلىنغان بولۇشى مۇمكىن بولغاچقا، بۇ ۋىدېيولارنى مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ ئەمەلىي مەشىق ئىقتىدارىغا، قورال ـ ياراغ سەۋىيەسىگە ۋە ئۇنىڭ كاندىداتلار ئەزالار بازىسىنىڭ ئەڭ يۇقىرى سەۋىيەسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ، دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. جامائەت ئەزالىرىنىڭ ھەر كۈنى قوراللىق مەشىق قىلىش پۇرسىتى بۇ ۋىدېيولاردا كۆرسىتىلگەندىكىدىن ئاز بولۇشى مۇمكىن.

گەرچە «تېرورلۇق» مۇتەخەسسىسلىرى ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا «2001 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئامېرىكا ئافغانىستانغا تاجاۋۇز قىلىشقا باشلىغاندا، ھەسەن مەخسۇمنىڭ تەشكىلاتى ‹ئەلقائىدە›نىڭ ھامىيلىقىدا ئىدى، شۇنداقلا ‹ئۆزبېكىستان ئىسلام ھەرىكىتى› (IMU) بىلەن قويۇق مۇناسىۋىتى بار ئىدى» دەپ قارىسىمۇ، ئەمما مەۋجۇت پاكىتلار بۇ پەرەزنى قوللىمايدۇ. ئەمەلىيەتتە، مېنىڭچە ھەسەن مەخسۇمنىڭ تەشكىلاتىغا مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلار ئۇنىڭ ھەقىقىي مەنىدىكى بىر تەشكىلات ئەمەسلىكىنى، پەقەت مەغلۇپ بولغان قوراللىق ھەرىكەت ئۇرۇنۇشى ئىكەنلىكىنىلا كۆرسىتىپ بېرىدۇ. مېنىڭ تەتقىقاتىمدا ئافغانىستاندا بۇ جامائەتنى قۇرۇشقا بەل باغلىغان، تەخمىنەن بەشلا ئادەمدىن تەركىب تاپقان بىر گۇرۇپپا ئېنىقلاپ چىقىلدى. بۇ گۇرۇپپىدا ھەسەن مەخسۇم، ئۇنىڭ مۇئاۋىنى ئابدۇللاھ قارىھاجى، شۇنداقلا شەيخ بىلال (يۈسۈپ قادىرخانمۇ دېيىلىدۇ) ئىسىملىك شەيخ ۋە بەلكىم يېڭى كەلگەنلەرنى تەربىيىلەشكە مەسئۇل بولغان ئابدۇلھەق قاتارلىقلار بار ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا، گۇەنتانامو قولتۇقىدىكى، 2001 ـ يىلى ئابدۇلھەقنىڭ باشقۇرۇشىدىكى بارگاھتا تۇرغانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلگەن مەھبۇسلار پاكىستاندىكى بىر كىشىنى تىلغا ئالغان بولۇپ، بۇ كىشى يېڭى كەلگەنلەرنى قوبۇل قىلىشقا ۋە ئۇلارنى (پاكىستاندىن) ئافغانىستانغا ئۆتكۈزۈشكە مەسئۇل بولغاندەك قىلاتتى. قارىھاجى بۇ تەشكىلاتنىڭ سەككىز كىشىلىك رەھبەرلىك ھەيئىتى بارلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدى، بۇ 2004 ـ يىلى «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ ئۆتكۈنچى تور بېتىدە ئېلان قىلىنغان تەشكىلىي قۇرۇلمىغا ماس كېلىدۇ، ئەمما بۇ يەنىلا بىر قەدەر كىچىك يادرولۇق تەشكىللىگۈچىلەر گۇرۇپپىسىدىن دېرەك بېرىدۇ (23). بۇ جامائەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك باشقا نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزىنى ھەسەن مەخسۇمنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ياكى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ ئەزالىرى دەپ قارىماسلىقى مۇمكىن. گەرچە ھەسەن مەخسۇم خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستانغا بولغان ھۆكۈمرانلىقىغا خىرىس قىلالىغۇدەك قوراللىق تەشكىلات قۇرۇشنى ئارزۇ قىلىسىمۇ، ئەمما ئۇ پەقەت قىسمەن ئۇيغۇرلارغا كىچىك تىپتىكى قوراللارنى ئىشلىتىشنى ئۆگىتىدىغان تەربىيەلەش مۇئەسسەسەلىرىنى ۋۇجۇدقا چىقىرالىغانىدى. ئالاھىدە

دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، بۇ تەشكىلاتنىڭ مەزكۇر مەشقلەنگۈچىلەرنى خىتاي (ئىشغالىيىتىدىكى شەرقىي تۈركىستان)نىڭ ئىچى ـ سىرتىدا ھەر قانداق ئالاھىدە ھەربىي ھەرىكەت ياكى زوراۋانلىق قىلمىشلىرىنى سادىر قىلىشقا بۇيرۇغانلىقىغا ئائىت ھېچقانداق پاكىت يوق.

ھەسەن مەخسۇمنىڭ ئافغانىستاندىن خىتايغا قارشى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش ئۈرۈنۈشىنىڭ مەغلۇب بولۇشىدىكى ئاساسلىق سەۋەبلەرنىڭ بىرى تاشقى قوللاشنىڭ كەمچىل بولغانلىقى، ھەتتا تاشقى چەكلىملەرنىڭ مەۋجۇت بولغانلىقى بولۇشى مۇمكىن. ھەسەن مەخسۇمنىڭ مۇئاۋىنى قارىھاجىنىڭ سۆزگە قارىغاندا، بۇ تەشكىلاتنىڭ تالىبان ۋە «ئەرەبلەر» بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بىر قەدەر جىددىي بولغان. «ئەرەبلەر» ـــ «ئەلقائىدە»نى ۋە ئەينى ۋاقىتتا ئافغانىستاندا مەۋجۇت بولغان باشقا چەتئەللىك جەڭچىلەرنى كۆرسىتىدۇ. قارىھاجى 2004 ـ يىلى «ۋال كوچىسى گېزىتى»نىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا، ئۆزىنىڭ ھەسەن مەخسۇمغا ھەمراھ بولۇپ 1999 ـ يىلى قەندىھاردا ئۆتكۈزۈلگەن قوراللىق مۇسۇلمان تەشكىلاتلارنىڭ چوڭ كۆلەملىك يىغىنىغا قاتناشقانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. شۇ قېتىملىق يىغىنغا ئۇسامە بىن لادېنمۇ قاتناشقانىكەن (24). بىن لادېن يىغىندا ئەرەب مۇسۇلمانلىرىنىڭ تارىخىي زېمىنىدا، بولۇپمۇ پەلەستىندە جىھاد قىلىشنىڭ مۇھىملىقى توغرىسىدا توختىلىپ، بۇنىڭ يەر شارىۋى جىھادنىڭ باش كۆنتەرتىپى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن. ئېيتىلىشىچە، ھەسەن مەخسۇم ۋە قارىھاجى بىللە بىللە يىغىنغا قاتناشقان ئۇيغۇرلاردىن بىرى يەر شارىۋى جىھادنىڭ دۇنيادىكى ئەڭ ئېزىلگەن مۇسۇلمانلارغا، دىنىي پائالىيەتلەر ھۇجۇمغا ئۇچراۋاتقان جايلارغا، بولۇپمۇ شەرقىي تۈركىستانغا مەركەزلىشىشى كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان، ئەمما بۇ تەشەببۇس پەقەتلا ياكى ھېچقانچە قوللاشقا ئېرىشەلمىگەن (25). ئابدۇللاھ قارىھاجىنىڭ («ۋال كوچىسى گېزىتى» بىلەن بولغان) زىيارىتىگە تەرجىمانلىق قىلغان ئۆمەر قاناتىنىڭ ئېيتىشىچە، قارىھاجى يەنە ئەينى ۋاقىتتىكى ئافغانىستاندىكى ئەرەب تەشكىلاتلارنىڭ ئۇيغۇرلارنى تۆۋەن كۆرىدىغانلىقىنى، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرلارنى «سەئۇدى ئەرەبىستان يېتەكچىلىكىدىكى سەلەفىيلىك مېتودىغا ئەگەشمەيدۇ، ھەقىقىي ئەنئەنىۋى مۇسۇلمانلار ئەمەس» دەپ قارايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ ئەھۋالدا، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» توغرىسىدىكى ئەسلى ھۆججىتىدە كۆرسىتىلگەندەك، ھەسەن مەخسۇمنىڭ ئۇسامە بىن لادېندىن مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ پائالىيەتلىرى ئۈچۈن 300 مىڭ دوللار تاپشۇرۇۋالغان بولۇش ئېھتىماللىقى يوقنىڭ ئورنىدا. شۇنداقلا، گەرچە ھەسەن مەخسۇم بىن لادېن بىلەن كۆرۈشكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ بىن لادېن ۋە «ئەلقائىدە» بىلەن ئەمەلىي مۇناسىۋىتى بولماسلىق ئېھتىماللىقى يۇقىرى (26). ئۇنىدىن باشقا، گەرچە ئۆزبېكلەر بىلەن ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدىكى تىل ۋە كۈلتۈر جەھەتتىكى ئوخشاشلىقنى نەزەردە تۇتقاندا، ھەسەن مەخسۇمنىڭ تەشكىلاتىنىڭ «ئەلقائىدە» قوللىغان «ئۆزبېكىستان ئىسلام ھەرىكىتى» بىلەن ئەمەلىي مۇناسىۋىتى بولۇشى

رېئاللىقتەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما مەن تەتقىقاتلىرىم داۋامىدا، شۇ ۋاقىتتىكى ئافغانىستاندا بۇنداق مۇناسىۋەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا دائىر ھېچقانداق ئىسپات تاپالمىدىم.

ھەسەن مەخسۇم بىلەن تالىبانىنىڭ مۇناسىۋىتىگە كەلسەك، بۇ تېخىمۇ مۇرەككەپتەك قىلىدۇ. تالىباننىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئافغانىستان ھۆكۈمىتى ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتقاندا، بۇنداق بولۇشنى پەرەز قىلىش قىيىن ئەمەس. بىر تەرەپتىن، ئېيتىلىشىچە، ھەسەن مەخسۇم ئافغانىستانغا تۇنجى كىرگەندە ھەققانىيىنىڭ تەستىقىگە ئېرىشكەن، شۇنداقلا ئۇ ئافغانىستاندىكى ئوخشىمىغان يەرلەرنى مەشقلەندۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىشتىمۇ يەرلىك تالىبان ئەمەلدارلىرىنىڭ رۇخسىتىگە ئېرىشكەن بولۇشى مۇمكىن. يەنە بىر تەرەپتىن، تالىباننىڭ، بەلكىم پاكىستاننىڭ ئارمىيەلەر ئارا ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭمۇ (ISI) ھەسەن مەخسۇم ۋە ئۇنىڭ تەشكىلاتىنى خىتاي بىلەن بولغان دىپلوماتىك سۆھبەتللەردە پېشكا سۈپىتىدە ئىشلىتىشكە ئۇرۇنغانلىقىغا ئائىت ئىشەنچلىك پاكىتلار مەۋجۇت. ئەينى دەۋردە، قازاقىستانمۇ خىتاي بىلەن بولغان سۆھبەتلەردە يەرلىك ئۇيغۇر مىللەتچىلىرىدىن ئاشۇ خىل مەقسەتتە پايدىلانغاندى. قازاقىستاندا، 1990 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، بىخەتەرلىك قىسىملىرى ئۇيغۇر مىللەتچى گۇرۇھلىرىنى قەستەن ئازراق سىياسىي بوشلۇق بىلەن تەمىنلىگەن، ھەتتا ئۇلارنى نامىدا بولسىمۇ قوللىغاندەك قىلاتتى. شۇنداق قىلغاندا، قازاقىستان 1990 ـ يىللارنىڭ قالغان قىسمىدا، خىتاي بىلەن چېگرا تالاش ـ تارتىشىدىن تارتىپ سودا مەسىلىسىگىچە بولغان تۈرلۈك مەسىلىلەر توغرىسىدىكى سۆھبەتلەرنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە بۇ تەشكىلاتلارغا زەربە بېرەلەيتتى (27).

گەرچە دۇنيادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەر 1990 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا ئافغانىستاندىكى تالىبان ھۆكۈمىتىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، ئەمما خىتاينىڭ ئافغانىستان دۆلىتى بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا ئۇرۇنغانلىقى ھەممىگە ئايان. 1999 ـ يىلى، پاكىستاننىڭ رىغبەتلەندۈرۈشى بىلەن، خىتاي ئافغانىستانغا ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەۋەتىپ، ھەمكارلىق ۋە ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنى مۇزاكىرە قىلدى. ئېيتىلىشىچە، بۇ جەرياندا، خىتاي ۋەكىللىرى «ئافغانىستان ئەمىرلىكى» بىلەن بىر قاتار كېلىشىملەرنى ھاسىل قىلىپ، سودا مۇناسىۋىتى ئورناتقان، ھەتتا كابۇل بىلەن ئۈرۈمچى ئارىسىدا ئاۋىياتسىيە لىنىيەسى ئاچقان (28). مەلۇم بولۇشىچە، خىتاي يەنە زۆرۈر ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشلىرى مەبلىغى جەھەتتە تالىبانغا ياردەم بېرىشكە قوشۇلغان. ھىندىستان دائىرىلىرى ھەتتا خۇاۋېي شىركىتىنىڭ ئەينى چاغدا خەلقئارادا ئېمبارگوغا ئۇچراۋاتقان ئافغانىستان ھۆكۈمىتى ۋە ئارمىيەسىنى ھالقىلىق تېلېگراف مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلىگەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى (29). 2000 ـ يىلى، خىتاينىڭ پاكىستاندا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى تالىبان رەھبىرى موللا ئۆمەر بىلەن كۆرۈشكەن تۇنجى مۇسۇلمان بولمىغان دۆلەت ئەمەلدارى

بولۇپ قالغان، ئېيتىلىشىچە ئۇلار بۇ يىغىن جەريانىدا بىر قاتار كېلىشىملەرنى تېخىمۇ مۇستەھكەملىگەن .(30)

گەرچە بۇ كېلىشىملەرنىڭ تەپسىلاتلىرى ھېلىھەم نامەلۇم بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار ئافغانىستاننى بازا قىلىشى مۇمكىن بولغان ھەر قانداق ئۇيغۇر مىللەتچى تەشكىلاتلىرىنى چەكلەشكە ئالاقىدار ماددىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇشى مۇمكىن (31). تالىباننىڭ شۇنىڭدىن كېيىن خىتاي ۋەكىللىگە بەرگەن «گەرچە تالىبان ئۇيغۇرلارنى ئافغانىستاندىن خىتايغا سۈرگۈن قىلمىسىمۇ، ئەمما بىخەتەرلىك قىسمىلىرىمىز ئافغانىستاندىكى ھەر قانداق ئۇيغۇر تەشكىلاتىنىڭ خىتايغا تەھدىت ئېلىپ كەلمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ» دېگەن ۋەدىسى بۇنىڭدىن دېرەك بېرىدۇ (32). شۇڭلاشقا، قازاقىستاندىكىگە ئوخشاشلا، تالىبانمۇ ئۆز زېمىنىدىكى ئۇيغۇر مىللەتچىلىرى ۋە قوراللىق كۈچلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بېيجىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتىكى كوزىر سۈپىتىدە قوللانغاندەك ــــ پاكىستاننىڭ يېتەكچىلىكىدە بولۇشى مۇمكىن ــــ قىلاتتى. گەرچە تالىبان ھەسەن مەخسۇمنىڭ تەشكىلاتىنىڭ ئافغانىستاندا تۇرۇشىغا يول قويغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ھەرىكىتىگە يېقىندىن دىققەت قىلىپ، ئۇنىڭ خىتايغا تەھدىت ئېلىپ كەلمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلغان.

خەۋەر قىلىنىشىچە، 2001 ـ يىلى ئامېرىكادىكى «ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى»نىڭ چەتئەللىك مۇخبىرى سۈپىتىدە ئامېرىكانىڭ ئافغانىستاندىكى ئۇرۇشى توغرىسىدا خەۋەر بەرگەن ئۆمەر قاناتنىڭ ئېيتىشىچە، تالىبان ھەسەن مەخسۇمنىڭ جامائىتىنىڭ ئەزالىرىنى تىزگىنلەشكە قولايلىق بولغان كابۇلغا ئاپىرىۋېلىش ئارقىلىق خىتايغا بەرگەن ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان. مەلۇم بولۇشىچە، ئۆمەر قاناتنىڭ تالىباننىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى مۇئاۋىن ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى موللا ئابدۇلسەمەد خاكسار بىلەن ئۆتكۈزگەن زىيارىتىدە مۇئەييەنلەشتۈرۈلگىنىدەك، ھەسەن مەخسۇم ۋە ئۇنىڭ قوللىغۇچىلىرىنىڭ كابۇلغا يۆتكىلىشى 1999 ـ يىلى باشلانغان بولۇپ، 2001 ـ يىلى ئامېرىكا تاجاۋۇز قىلغانغا قەدەر داۋاملاشقان (33). كابۇلدا، ھەسەن مەخسۇم ۋە ئۇنىڭ قوللىغۇچىلىرى يېقىندىن نازارەت قىلىنغان ۋە خىتايغا ھېچقانداق ھۇجۇم قوزغىماسلىق توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرۇلغان. مەلۇم بولۇشىچە، ھەسەن مەخسۇمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان رەھبەرلەرگە شەھەردىكى كۆزىتىشكە قولايلىق جايلاردىن ئۆي بېرىلگەن، جامائەتنىڭ باشقا ئەزالىرى شەھەر سىرتىدىكى ئىككى ھەربىي بازىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، بۇ كىشىلەر تالىبان ئارمىيەسىگە قوشۇۋېتىلگەن بولۇشى مۇمكىن (34). ئەمەلىيەتتە، ھەسەن مەخسۇم 1998 ـ يىلىدىن 1999 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا توپلىغان ۋە مەشىق قىلدۇرغان بارلىق جەڭ كۈچلىرى تامامەن پالەچلەندۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئەمما ھەسەن مەخسۇم ۋە ئۇنىڭ جامائىتى كەلگۈسىدە خىتاي بىلەن بولغان سۆھبەتلەردە كوزىر سۈپىتىدە ئىشلىتىلىش ئۈچۈن، يەنىلا ئافغانىستاندا تالىباننىڭ نازارىتى ئاستىدا تۇرغان.

ئەگەر بۇ ۋەقەلەر توغرىسىدىكى بايانلار توغرا بولسا، بۇ ھەسەن مەخسۇمنىڭ تالىبان ۋە «ئەلقائىدە»نىڭ قولىلىشىغا ھېچقانچە ياكى پەقەتلا ئېرىشەلمەيلا قالماستىن، تالىبانىنىڭ ھەتتا ئۇنىڭ پائالىيىتىنى چەكلەش ئۈچۈن ئاكتىپ تەدبىر قوللانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ مەزگىلدە خىتاي چەتئەللەردىكى ئۇيغۇر مىللەتچىلىكىنى چەكلەشكە ئۇرۇنۇۋاتقان ئارقا كۆرۈنۈشتە، بۇ سۆزلەر ئەقىلگە مۇۋاپىق، شۇنداقلا ئۇ يەنە ئاز ساندىكى شاھىتلارنىڭ ھەسەن مەخسۇم جامائىتى توغرىسىدىكى بايانلىرى بىلەنمۇ بىردەك بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ 2000 ~ 2001 ـ يىللىرىدا كەلگۈسى ئۈچۈن ئېنىق پىلان تۈزگەن ئۇيۇشۇشچان تەشكىلات ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ھازىر، ھەسەن مەخسۇمنىڭ جامائىتىدىكى ئەسلى گۇۋاھچىلارنىڭ سۆزلىرىگە ئەڭ يېقىنى ئافغانىستان ۋە پاكىستاندا تۇتۇلغاندىن كېيىن گۇەنتانامو قولتۇقى تۇتۇپ تۇرۇش مەركىزىگە ئېلىپ كېلىنگەن 22 ئۇيغۇرنىڭ سۆزلىرىدۇر. گەرچە بۇ كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ھەسەن مەخسۇمنىڭ «جامائىتى»گە قاتناشقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار بۇ خىل قاتنىشىشنى مەلۇم بىر تەشكىلاتقا ئەزا بولغانلىق دەپ چۈشەنمەيتتى. بۇنىڭدىن سىرت، ئۇلارنىڭ ھەسەن مەخسۇمنىڭ جامائىتى توغرىسىدىكى بايانلىرى كىشىلەرنىڭ بۇ تەشكىلاتنىڭ دۇنياغا ئەمەس، خىتايغا بولسىمۇ تەھدىت ئېلىپ كېلەلىگۈدەك ئىقتىدارغا ئىگە قوراللىق تەشكىلات ئىكەنلىكىگە بولغان ئىشەنچىنى قوزغىيالمايتتى.

گۇەنتانامودىكى ئۇيغۇر مەھبۇسلارنىڭ ئون سەككىزى ئافغانىستاندا تۇرغان مەزگىلدە جالالئاباد ئەتراپىدىكى ۋاقىتلىق مەشق بارگاھىدا تۇرغان. قالغان ئىككىسى ھەسەن مەخسۇمنىڭ جامائىتىدە تاماق يەتكۈزگۈچى ۋە ماشىنىست (خەت باسقۇچى)لىق قىلغان. يەنە بىرەيلەن ئىنىسىنى ئىزدەۋاتقاندا ھەسەن مەخسۇمنىڭ جامائىتىگە قاتناشقان، يەنە بىرى 1990 ـ يىللاردا قەشقەردىكى چاغلاردىن تارتىپلا ھەسەن مەخسۇمنىڭ دوستى بولۇشى مۇمكىن بولسىمۇ، ئەمما ئۇمۇ شۇ چاغدا (يەنى ئامېرىكا تەرىپىدىن تۇتۇلۇشنىڭ ئالدىدا) ئافغانىستانغا يېڭى كەلگەن. ئۇلارنىڭ گۇەنتانامودىكى گۇۋاھلىقىنى تەكشۈرۈش جەريانىدىكى ھەيران قالارلىق ئىش شۇكى، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ھەسەن مەخسۇمنىڭ جامائىتىنى بىر تەشكىلات سۈپىتىدە تىلغا ئالمىغان. ئەكسىچە، ئۇلار ھەمىشە ئۇنى ۋەزىيەت ۋە خىتاينىڭ ئۆز ۋەتىنى (شەرقىي تۈركىستان)نى بېسىۋېلىشىغا بولغان ئۆچمەنلىكى سەۋەبىدىن بىر يەرگە توپلانغان بىر توپ ئۇيغۇرلار دەپ تەسۋىرلەشكەن. ئاسانلا قورالغا ئېرىشكىلى بولىدىغان جايغا كېلىپ قالغان بۇ ئۇيغۇرلار خىتاي ھۆكۈمىتىگە قارشى تۇرغۇدەك پۇرسەت تېپىلغاندا كارغا كېلىشىنى ئويلاپ، قوراللارنى قانداق ئىشلىتىشنى ئۆگىنىش پۇرسىتىدىن پايدىلانغان. ئەمما، ئۇلارنىڭ يېقىن كەلگۈسىدە خىتايغا قارشى ھېچقانداق پىلانلىق ھەرىكەت قوزغاش غەرىزى باردەك قىلمايتتى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى

ئافغانىستاندا تۇرۇشنى خىتاينىڭ سىرتىدا بىخەتەر جاي تېپىش جەريانىدىكى ئۆتكۈنچى باسقۇچ دەپ قارايتتى.

ماشىنىست (خەت باسقۇچى) ۋە يىمەكلىك يەتكۈزگۈچى ئۆزلىرىنىڭ مەزكۇر جامائەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ ئەزالىق ئەمەس، بەلكى خىزمەتچىلىك ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا بۇ تەشكىلاتقا سىرتتىن كېلىدىغان ھەرقانداق ياردەمدىن خەۋىرى يوقلۇقىنى بىلدۈردى (35). بارگاھتىكى كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى خىتاينىڭ سىرتىدا بىخەتەر جاي ئىزدەپ يۈرۈپ، قىرغىزىستان ۋە پاكىستاندىن ــــ ئۇلار بۇ يەردە خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىشتىن ئەنسىرىشەتتى ــــ ئايرىلىشقا مەجبۇر بولغاندىن كېيىن، ئاخىرى شۇ يەردە تۇرۇپ قالغان. گەرچە بىر قىسىم كىشىلەر خىتاي ھۆكۈمىتىگە قارشى ئىسيانغا قاتنىشىش ئۈمىدىدە بۇ بارگاھقا كەلگەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى يەر شارىۋى جىھادقا قاتنىششقا ئۇرۇنمىغان. ئەمەلىيەتتە، قولغا ئېلىنغانلارنىڭ ھېچقايسىسى گۇئانتانامو‌غا ئەكېتىلىشتىن ئىلگىرى «ئەلقائىدە»نى ئاڭلاپمۇ باقمىغان. بۇ ئۇتتۇنلار ئۆزلىرىنىڭ تالىبان ۋە ئەلقائىدەنىڭ ئامېرىكانىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇشىغا ياردەم بەرگەن ـ بەرمىگەنلىكى توغرىسىدا سورالغاندا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ ئامېرىكالىقلار بىلەن ئۇرۇشۇش ئىستىكى يوقلۇقىنى ئېيتقان. بىر مەھبۇسنىڭ كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك، «ماڭا بىر مىليارد خىتاي دۈشمەن يېتىپ ئاشىدىغان تۇرسا، نېمە دەپ تېخىمۇ كۆپ دۈشمەن تاپقۇدەكمەن؟» (36).

بۇ مەزگىلدە «ھەسەن مەخسۇم جامائىتى كابۇل ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ھەربىي بازىلاردا ئىدى» دېگەن گەپنى نەزەردە تۇتقاندا، جالالئاباد ئەتراپىدىكى بارگاھنىڭ مەۋجۇتلۇقى بىر ئاز سىرلىق. سابىق گۇەنتانامو مەھبۇسلىرىنىڭ گۇۋاھلىقىدىن قارىغاندا، بۇ بارگاھ شۇ ۋاقىتتا ھەسەن مەخسۇمنىڭ جامائىتى تەرىپىدىن يېڭىلا قۇرۇلغان. بۇ بارگاھنىڭ ھەسەن مەخسۇمنىڭ تالىباندىن ئىبارەت پاناھگاھىنىڭ تەستىقى بىلەن، تالىبان ئارمىيەسىدىكى ئەسكەرلەرنىڭ سانىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن قۇرۇلغان ـ قۇرۇلمىغانلىقى، ياكى بۇنىڭ مەزكۇر جامائەت ئافغانىستان ھۆكۈمىتىدىن خۇپىيانە قىلغان ئىش ياكى ئەمەسلىكى ھېلىھەم ئېنىق ئەمەس. قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، سابىق بارگاھ ئەزالىرى تەسۋىرلىگەن ناچار شارائىت ئۇنىڭ سىرتقى قوللاشقا ھېچقانچە ياكى پەقەتلا ئېرىشەلمىگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. سابىق مەھبۇسلارنىڭ ھەممىسى ئۆز بارگاھىدا ئاشپەزلىك قىلىدىغان بىر ئافغاندىن باشقا ئۇيغۇر ئەمەس كىشىلەرنى كۆرۈپ باقمىغانلىقىنى ئېيتتى. بارگاھتا نىسبەتەن ئۇزۇنراق تۇرغانلار ھەسەن مەخسۇمنىڭ تەربىيەلەنگۈچىلەر بىلەن سۆزلىشىش ئۈچۈن بارگاھقا ئىككى قېتىم كەلگەنلىكىنى تىلغا ئالغان. شۇنداقلا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بارگاھنىڭ ئاساسلىق تەشكىللىگۈچىسىنىڭ ئابدۇلھەق ئىسىملىك بىر ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن (37). ئامېرىكا ئافغانىستانغا تاجاۋۇز قىلىشتىن بىر يىل بۇرۇن، بارلىق تەربىيەلەنگۈچىلەر ئافغانىستانغا، جۈملىدىن ئاشۇ بارگاھقا كېلىپ بولغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بۇ مەشىق مەركىزىدە ئەڭ

كۆپ بولغاندا ئوتتۇز ئەتراپىدا ئۇيغۇر تۇرۇپ باقالىلىقىنى بىلدۈرۈشتى. بەلكىم ئەڭ مۇھىمى، (گۇەنتانامودىكى) مەھبۇسلارنىڭ ئۆز ۋاقتىنى ئۆتكۈزگەن «مەشىق بارگاھلىرى» توغرىسىدىكى گۇۋاھلىقى ئەلقائىدە بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتى بار، كەسپىي، تەشكىللىك ۋە بايلىق مەنبەسى مول تەشكىلاتنىڭ ئوبرازىغا ماس كەلمەيدۇ. ئۇلار تەلتۆكۈس رېمونت قىلىشقا موھتاج بولغان كىچىك، كونىراپ ئەبجەقى چىقىپ كەتكەن ئىمارەتلەرنى تەسۋىرلىگەن، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئۇ يەردىكى ئاساسلىق پائالىيىتىنىڭ شۇ ئىمارەتلەرنى رېمونت قىلىپ، ياشىغىلى بولغۇدەك ھالەتكە ئەكېلىش ئىكەنلىكىنى ئېيتقان (38). مەزكۇر مەھبۇسلاردىن بۇ بارگاھتا ئالغان مەشىقى توغرىسىدا سورالغاندا، مەھبۇسلار ئەتىگەنلىك يۈگۈرۈش ۋە گاھىدا بارگاھتىكى بىردىنبىر كالاشنىكوف مىلتىقىدا بىر نەچچە پاي ئوق ئېتىش پۇرسىتى بارلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. قىسقىسى، ئۇلارنىڭ بۇ «مەشىق بارگاھى» توغرىسىدىكى بايانلىرى بۇ كىشىلەرنىڭ مەزكۇر بارگاھتا ئىنتايىن ئاز مەشىق پۇرسىتىگە ئېرىشكەنلىكىنى، شۇنداقلا بۇ بارگاھتا ھەرقانداق شەكىلدىكى ھەربىي ھەرىكەت ئېلىپ بېرىش ئىمكانىيىتى يوقلۇقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەمەلىيەتتە، مەزكۇر مەھبۇسلارنىڭ كۆپىنچىسى بۇ يەرنى «مەشىق بارگاھى» دەپمۇ قارىمايدۇ. بىر مەھبۇس سوراق قىلىغۇچىنىڭ «بارگاھ» توغرىسىدىكى سوئالىغا جاۋابەن، «ئۇ پەقەت ئۇيغۇرلار يىغىلغان كىچىك ئۇيغۇر مەھەللىسى، <بارگاھ> دېيىش ئارقىلىق نېمىنى مەقسەت قىلغانلىقىڭىزنى ئۇقمىدىم» دېگەن (39).

گۇەنتانامو قولتۇقىغا ئاپىرىلىشتىن ئىلگىرى بۇ چەت جايدا ئولتۇراقلاشقان نۇرغۇن كىشىلەر بۇ يەرنى ئالدى بىلەن ـــ شۇنداقلا ئەڭ مۇھىمى ـــ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئېپلاس چاڭگىلىدىن پاناھلىنىدىغان جاي دەپ قارىغان. ئەمەلىيەتتە، مېنىڭ 2010 ـ يىلى گۇەنتانامودىن قويۇپ بېرىلىپ ئالبانىيەگە يەرلەشكەن سابىق ئۇيغۇر مەھبۇسلىرى بىلەن ئۆتكۈزگەن زىيارىتىممۇ بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلىغاندەك قىلاتتى. مەن ئالبانىيەنىڭ پايتەختى تىرانادا (Tirana) شاگىرت پىساچىغا ئايلانغان بۇ كىشىلەرنى زىيارەت قىلغاندا، ئۇلارنىڭ ھېكايىلىرى ماڭىمۇ تولىمۇ تونۇشتەك بىلىنگەندى. ئۇلارنىڭ تۇتۇلۇشتىن بۇرۇنقى ھاياتى مەن 1990 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قازاقىستاندا زىيارەت قىلغان، شەرقىي تۈركىستاندىن كەلگەن نۇرغۇن ئۇيغۇر سودىگەرلىرىنىڭ ھېكايىلىرىنى ئەسلىتەتتى (40). ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى يېزىلاردا تۇغۇلغان بولۇپ، باشقا كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىش پۇرسىتى ئاز بولغاچقا، تىجارەتكە كىرىشكەنىدى. ئۇلار سودا بىلەن شۇغۇللانغاندىن كېيىن، ھاللىقراق تۇرمۇش كەچۈرۈش ئۈچۈن، ئۇيغۇر دىيارىنى غەربتىكى قوشنىلىرى بىلەن تۇتاشتۇرغان چېگرا ھالقىغان سودىغا قول تىقىشقا كېرەكلىكىنى تونۇپ يەتكەنىدى. نەتىجىدە ئۇلار غەربكە سەپەر قىلىپ، خىتاي مەھسۇلاتلىرىنى شەرقىي تۈركىستان بىلەن چېگرالىنىدىغان دۆلەتلەردە، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە پاكىستاندا ساتماقچى بولغان. ئۇلار چەتئەلدە تۇرۇپ باققاندىن كېيىن، ئۆز يۇرتىنىڭ بۇرۇقتۇرما مۇھىتىغا قايتىشنى خالىمىغان. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى چەتئەلدە ئۇيغۇر مىللەتچىلىرى بىلەن

**باردى ـ كەلدى قىلغاندىن كېيىن، ۋەتىنىگە قايتسا، سىياسىي جىنايەت بىلەن تۈرمىگە تاشلىنىشتىن ئەنسىرەشكەن. 1990 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە پاكىستان يەنىلا خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىن ئايرىلغان ئۇيغۇرلار ئۈچۈن نىسبەتەن بىخەتەر پاناھگاھ بولغان بولسىمۇ، ئەمما 1999 ـ يىلى ئەھۋال تۈپتىن ئۆزگەردى.**

**ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرى ۋە پاكىستاننىڭ خىتاي بىخەتەرلىك قىسمىلىرىغا ۋاكالەتەن ئۆز زېمىنىدىكى ئۇيغۇرلارنى بارغانسېرى قاتتىق نازارەت قىلىشىغا ئەگىشىپ، كېيىن ئالبانىيەگە يەرلەشكەن بۇ سابىق گۇەنتانامو مەھبۇسلىرىنىڭ ئەھۋالى بارغانسېرى قىيىنلىشىپ، (ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرى ۋە پاكىستان قاتارلىق) بۇ دۆلەتلەردىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولغان، ئەمما ئۇلار خىتاي (ئىشغالىيىتىدىكى شەرقىي تۈركىستان)غا قايتىشنى خالىمايتتى. زىيارەتنى قوبۇل قىلغان تۆت سابىق گۇەنتانامو مەھبۇسىدىن بىرىنىڭ ئۆزىنىڭ خىتايغا قايتقاندا كارغا كەلگۈدەك ھەربىي مەشىق ئېلىش ئۈچۈن ئافغانىستانغا بارغانلىقىنى ئېنىق ئېيتقانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقىلار ئۇ يەردە ۋاقىتلىق پاناھلىنىپ، ئاخىرىدا تۈركىيەگە بېرىشنى ئۈمىد قىلغانلىقىنى ئېيتىشقان. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، پاكىستانلىقلار ئۇلارغا جالالئابادقا يېقىن يەردىكى بىر كىچىك ئۇيغۇر مەھەللىسىدىكىلەرنىڭ ئۇلارنىڭ ئافغانىستان ۋە ئىران ئارقىلىق تۈركىيەگە بىخەتەر بېرىۋېلىشىغا ياردەم بېرەلەيدىغانلىقىنى ئېيتقان. گەرچە زىيارىتىمنى قوبۇل قىلغۇچىلار ئافغانىستانغا ئوخشىمىغان ۋاقىتلاردا كەلگەن بولسىمۇ، ئامېرىكا «11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسى»دىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا بۇ رايوننى بومباردىمان قىلىشقا باشلىغاندا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى جالالئاباد ئەتراپىدىكى ئاشۇ جاي (بارگاھ)دا ئىدى. بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئەڭ كىچىكى ئەسىرگە چۈشكەندە 18 ياشتا بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ 2001 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى بۇ دۆلەتكە كەلگەنلىكىنى، ھەمدە ئالدىنقى كۈندىكى ۋەقەلەردىن پەقەتلا خەۋىرى يوقلۇقىنى ئېيتقان. ئامېرىكانىڭ ئافغانىستانغا تاجاۋۇز قىلىشى جەريانىدا، مەزكۇر بارگاھ بومباردىمان قىلىنىپ، ئېغىر ئۆلۈم ـ يېتىم كۆرۈلگەن. شۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھايات قالغان 18 كىشى — مەن زىيارەت قىلغانلارنىڭ ھەممىسى شۇنىڭ ئىچىدە — پاناھلىنىش ئۈچۈن تاغقا چىقىپ، بىر مايمۇن ئۆڭكۈرىدە تۇرغان. كېيىن، ئۇلار بىر توپ ئەرەبلەرنىڭ ئەتراپتا مېڭىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ، شۇلارغا ئەگىشىپ چېگرادىن ئۆتۈپ پاكىستانغا كىرگەن. يەرلىك كىشىلەر ئالدى بىلەن ئۇلارنى پاناھىغا ئالغان بولسىمۇ، كېيىن ھەر بىرىنى قاچقۇنلارنى ئىزدەپ يۈرگەنلەرگە بەش مىڭ دوللاردىن سېتىۋەتكەن.**

**ئاخىرىدا گۇەنتاناموغا سولانغان بۇ «تاسادىپىي جىھادچىلار»نىڭ قىسقىچە كەچمىشى ھەسەن مەخسۇمنىڭ ئافغانىستاندىكى ئازغىنە ۋاقىت مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان جامائىتىنىڭ كۆپ قىسىم ئەزالىرىنىڭ كەچمىشىگە ۋەكىللىك قىلالىشى مۇمكىن. تۆت يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە، مۇشۇنىڭغا ئوخشاش كەچمىشكە ئىگە نۇرغۇن ئۇيغۇرلار پاناھ جاي سۈپىتىدىكى مەزكۇر جامائەتكە كېلىپ ـ كېتىپ تۇرغان. مەسىلەن،**

«تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ 2010 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان، دىنىي ئالىم يۈسۈپ قادىرخان (شەيخ بىلالمۇ دېيىلىدۇ)نىڭ ـــ ئېيتىلىشىچە بۇ كىشى مەزكۇر تەشكىلاتقا 1999 ـ يىلى قاتناشقان بولۇپ، 2001 ـ يىلى ئامېرىكانىڭ بومباردىمانىدا ئۆلتۈرۈلگەن ـــ ھاياتى خاتىرىلەنگەن ۋىدىيوسىدا، ئۇنىڭ تەخمىنەن يىگىرمە ئۇيغۇر بالىغا دەرس ئۆتۈۋاتقانلىقى كۆرسىتىلگەن. بۇ بەلكىم قارىھاجىنىڭ مەزكۇر جامائەتنىڭ ئىلگىرى نۇرغۇن ئۇيغۇر ئائىلىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى توغرىسىدىكى سۆزىنى دەلىللىشى مۇمكىن (41). ھالبۇكى، 2001 ـ يىلى ئامېرىكا (ئافغانىستانغا) تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندە، تالىباننىڭ مەزكۇر جامائەتنى كابۇلغا يۆتكىگەنلىكى ۋە بۇ تەشكىلاتنى شەھەر بىلەن قوشنا رايوندىكى ئىككى ھەربىي بازىغا ئايرىلىشقا مەجبۇرلىغانلىقى ھەسەن مەخسۇمنىڭ ئۈيۈشۈشچان ھۆجۇمچى قىسىم، ھەتتا بىرلىككە كەلگەن جامائەت بەرپا قىلىشغا توسقۇنلۇق قىلغاندەك قىلاتتى.

نەتىجىدە، 2001 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئامېرىكانىڭ بومباردىمانى جەريانىدىكى قالايمىقانچىلىقتا، بۇ جامائەت ئاساسەن پىتىراپ كەتكەن. ھەسەن مەخسۇم 2002 ـ يىلى «ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى»نىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا ئېتىراپ قىلغاندەك، كابۇل ئەتراپىدىكى ھەربىي بازىدا تۇرغان مەزگىلدە تالىبان ئارمىيەسىگە قوشۇۋېلىنغان بىر قىسىم ئۇيغۇرلار تالىبان بىلەن بىر سەپتە (ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى) تاجاۋۇزچى كۈچلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلغان بولۇشى مۇمكىن. جالالئاباد ئەتراپىدىكى بارگاھقا يېڭى كەلگەنلەرگە ئوخشاش باشقا كىشىلەر بولسا ئۆلتۈرۈلگەن ياكى گۇەنتانامو قولتۇقىغا قامالغان. ئېيتىلىشىچە، ھەسەن مەخسۇم بومباردىمان جەريانىدا جامائەتتىكى كىشىلەردىن توپلىيالىغانلىرىنى توپلاپ، ئۇلارنى ئافغانىستاندىن پاكىستانغا ئېلىپ كەلگەن. بۇ بەلكىم ھەسەن مەخسۇمنىڭ كىچىك يادرولۇق گۇرۇپپىسىنى ـــ ئۇلارنىڭ بەزىلىرى يۈسۈپ قادىرخانغا ئوخشاش ئامېرىكانىڭ ھاۋا ھۇجۇمىدا ئۆلتۈرۈلگەن بولۇشى مۇمكىن ـــ شۇنداقلا كابۇل ئەتراپىدىكى ھەربىي بازىلاردىن قېچىپ قۇتۇلالىغان ئۇيغۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى مۇمكىن.

«تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى» تەرىپىدىن 2017 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان بىر ۋىدىيودا كۆرسىتىلىشىچە، ھەسەن مەخسۇم قار بىلەن قاپلانغان تاغدا، جامائەتكە ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇغان. ئۇنىڭ خۇتبىسىنىڭ مەزمۇنىغا قارىغاندا، بۇ ئۇلارنىڭ 2001 ~ 2002 ـ يىللىرى پاكىستانغا قىلغان سەپىرىدىكى كۆرۈنۈش ئىدى. بۇ ۋىدىيودىن قارىغاندا، ئۇنىڭ يېنىدا ئەڭ كۆپ بولسا يىگىرمە ئەگەشكۈچىسى باردەك قىلاتتى (42). گەرچە ئالاقىدار تەپسىلاتلار نامەلۇم بولسىمۇ، ئەمما بۇ تەشكىلات مەلۇم مەزگىلدە، ئۆزلىرىنىڭ پاكىستاندا پاناھلىنىشىغا ياردەم بېرەلەيدىغان، ئۇيغۇر بولمىغان باشقا قوراللىق تەشكىلاتلار بىلەن ھەمكارلاشقان بولۇشى مۇمكىن. دەل مۇشۇ مەزگىلدە، ھەسەن مەخسۇم تەشەببۇسكارلىق بىلەن «ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى»دىن زىيارەت ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلغان. ئۇ مەزكۇر زىيارەتتە ئامېرىكاغا قىلىنغان

«11 ـ سېنتەبىر» ھۇجۇمنى ئەيىبلىگەن ۋە ئۆز تەشكىلاتىنىڭ تالىبان ياكى ئەلقائىدە بىلەن ھېچقانداق تەشكىلىي مۇناسىۋىتى يوقلۇقىنى، شۇنداقلا ئۇلاردىن ھېچقانداق ئىقتىسادىي ياردەممۇ ئېلىپ باقمىغانلىقىنى ئېيتقان (43). شۇ قېتىم ھەسەن مەخسۇم بىلەن زىيارەت ئۆتكۈزگەن ئۆمەر قاناتىنىڭ ئېيتقىنىدەك، ئۇ (بۇ قېتىملىق زىيارەتنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن) چوڭ خەتەرگە تەۋەككۇل قىلغانىدى، چۈنكى ئەينى چاغدا ئۇ ئەرەب ۋەياكى ئافغان قوراللىق كۈچلىرى بىلەن بىللە سەپەر قىلىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن ئىدى. بىر نەچچە ئايدىن كېيىن، ئۆمەر قانات ھەسەن مەخسۇم بىلەن يەنە بىر قېتىم زىيارەت ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلغان، ئەمما ھەسەن مەخسۇم ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن ئالاقە قىلالمايدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ ئالدىنقى قېتىملىق زىيارەت سەۋەبلىك ئۆزىگە باش ئاغرىقى تېپىۋالغانلىقىنى ئېيتقان (44).

ھەسەن مەخسۇم جامائىتىنىڭ قالدۇقلىرىنىڭ پاكىستانغا كەلگەندىن كېيىنكى قىسمەتلىرى توغرىسىدىكى مەلۇماتلار ئانچە كۆپ ئەمەس. ھەسەن مەخسۇمنىڭ مۇئاۋىنى بولغان قارىھاجى كېيىن ئۆمەر قانات ۋە «ۋال كوچىسى گېزىتى» مۇخبىرىغا مۇنداق دېگەن: ھەسەن مەخسۇم بۇ جامائەتنى ئىراننىڭ قۇم شەھىرىگە يۆتكەشكە يول ئىزدىگەن، ئەمما بۇ تەشكىلات ئاخىرىدا پاكىستاننىڭ ۋەزىرىستاندا قېلىشنى قارار قىلغان. شۇنداقلا، مۆلچەرلىنىشىچە، مەزكۇر تەشكىلات بۇ يەردە ئەلقائىدە ۋە بۇ رايوننى كونترول قىلىۋاتقان پاكىستان تالىبانلىرى بىلەن كېلىشىم ھاسىل قىلغان (45). 2003 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، پاكىستان ئارمىيەسى ئافغانىستان چېگراسى يېنىدىكى جەنۇبىي ۋەزىرىستاندا ئۆزىمۇ بىلمىگەن ئەھۋالدا ھەسەن مەخسۇمنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. شۇنىڭ بىلەن، ھەسەن مەخسۇمنىڭ ئۆز جامائىتى توغرىسىدىكى لايىھەلىرى ۋە كەلگۈسىدە شەرقىي تۈركىستاندا توپىلاڭ كۆتۈرۈش پىلانى، ئاساسەن ئۆزى بىلەن بىللە غايىب بولغان (46). بەزى ئۇيغۇرلار ماڭا ھەسەن مەخسۇمنىڭ ئۆز جامائىتىنى ئەلقائىدە ۋە تالىباندىن شەكىللەنگەن ئىنتىپاقداش تەشكىلاتقا قوشۇۋېتىشكە ئۇنىمىغانلىقى سەۋەبلىك ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى پۇرىتىپ ئۆتتى. مۆلچەرلىنىشىچە، بۇ تەشكىلاتلارنىڭ ۋەزىرىستاندىكى ھەرىكەت بازىسى ھېچبولمىغاندا پاكىستان ئارمىيەلەر ئارا ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ ئاسترتتىن قوللىشىغا ئېرىشكەن. شۇنداقلا، مەن بىلەن سۆزلەشكەنلەرنىڭ ئارىسىدا كەم دېگەندە بىرى ھەسەن مەخسۇمنى شۇ ۋاقىتتا ئامېرىكا ئارمىيەسىگە تەسلىم بولۇپ، ئۇلارغا ئۆزىنىڭ (ختايغا قارشى كۈرەش قىلىشتىن ئىبارەت) نىشانىنى چۈشەندۈرمەكچى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلگەن، دەپ قارايدۇ. ئەمما، ئۇنىڭ ئۆلۈمىنىڭ ئارقىسىدىكى ھەقىقەتنى مەڭگۈ بىلگىلى بولماسلىقى مۇمكىن.

گەرچە مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ پائالىيەتلىرىنى ۋە بەيئەت ئەھۋالىنى ئومۇمىيۈزلۈك چۈشىنىش ئۈچۈن، ھەسەن مەخسۇمنىڭ ھېكايىسى، ئۇنىڭ جامائىتى ۋە ئۇنىڭ ختاي خەلق جۇمھۇرىيىتىگە قارشى جىھاد قوزغاشتىكى مەقسىتى قاتارلىقلارنى تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ تەتقىق قىلىش زۆرۈر بولسىمۇ، ئەمما يۇقىرىدىكى

بايانلاردىن بۇ جامائەتنىڭ بەك بولسا، يېڭىدىن بارلىققا كەلگەن، ھەقىقىي مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان قوراللىق تەشكىلات ئىكەنلىكى ئېنىق. يەرشارىۋى جىھاد قىلماقچى بولغان مۇسۇلمان قوراللىق كۈچلەرنىڭ ئارىسىغا كىرىپ قالغان ھەسەن مەخسۇم ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئافغانىستاندىكى چېغىدا تالىباننى ئۆز ئىچىگە ئالغان قورالىق تەشكىلاتلار بىلەن ــــ ئەلقائىدە بىلەنمۇ مەلۇم دەرىجىدە ــــ خالاپ ـ خالىماستىن ئالاقە قىلغان بولۇشى مۇمكىن، ئەمما ئۇنىڭ بۇ تەشكىلاتلارغا تەشكىللىك باغلانغانلىقى، ئۇلاردىن مەبلەغ ئالغانلىقى ياكى ئۇلارنىڭ يەرشارىۋى جىھاد ئىدىئولوگىيەسىگە مەپتۇن بولغانلىقى توغرىسىدا ھېچقانداق پاكىت يوق. ئەكسىچە، بۇ تەشكىلات يەنىلا ئۇيغۇر دىيارىنى ئازاد قىلىش ئۈچۈن، خىتايدا ئۇرۇش قوزغاشقا ئۆزىنى بېغىشلىغان، شۇنداقلا بۇ تەشكىلات ئۆز تەييارلىقلىرىنى ئەمەلىيەتتە ئىشلىتىدىغان پۇرسەتنى كۈتۈپ، ئۆز ۋاقتىنى مۇشۇ خىل ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش بىلەن ئۆتكۈزگەن. ماھىيەتتە، ئەزەلدىن ئۆزىنى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» دەپ ئاتاپ باقمىغان بۇ كوللېكتىپ ئاساسەن بىر تەشكىلات ئەمەس ئىدى. ئۇ ئۆزلىرىنىڭ ئۇيغۇر دەۋاسىغا بولغان قەرزىنى ئادا قىلىۋاتقانلىقىغا ئىشىنىدىغان، سانى ئاز، كۆپىنچىسى ئىجتىمائىي ئورنى يۇقىرى بولمىغان ۋە تەشكىلىي جەھەتتە چېچىلاڭغۇ ئۇيغۇرلار توپىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى، ئەمما ئۇلار گېئوپولىتىكىلىق ھىيلە ـ مىكىرلەرنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغاچقا، ئۆز دەۋاسى ئۈچۈن ئانچە چوڭ ئىشلارنى قىلالمىغانىدى.

ھەسەن مەخسۇمنىڭ جامائىتى توغرىسىدىكى بۇ بايانلارنى نەزەردە تۇتقاندا، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»نى «تېرورلۇق تەشكىلاتى» دەپ بېكىتىش تېخىمۇ بىمەنىلىكتۇر. بىرىنچىدىن، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» دېيىدىغان بىر تەشكىلات مەۋجۇت ئەمەس. ئىككىنچىدىن، قارىماققا بۇ تەشكىلاتنىڭ ئەزەلدىن ئەلقائىدە ۋە تالىبان بىلەن قويۇق مۇناسىۋىتى بولۇپ باقمىغاندەك، ئۇلاردىن ھېچقانداق مەبلەغكىمۇ ئېرىشىپ باقمىغاندەك قىلاتتى. ھەتتا، تالىبان مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا توسقۇنلۇق قىلغان بولۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى. ئۈچىنچىدىن، ھەسەن مەخسۇمنىڭ 1998 ـ يىلى قۇرۇلغان بۇ جامائىتىنىڭ ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسى 1990 ـ يىلدىن 2002 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن سادىر قىلىنغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن، 162 ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بولۇپ، 440 دىن ئارتۇق ئادەمنى يارىلاندۇرغان 200 دىن ئارتۇق زوراۋانلىق ۋەقەسى بىلەن مۇناسىۋىتى بارلىقى توغرىسىدا ھېچقانداق پاكىت يوق. ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىگە، ھەتتا باشقا ھەرقانداق بىر يەرگە ھۇجۇم قىلىپ باققانلىقىغا ئائىتمۇ ھېچقانداق پاكىت يوق. ئامېرىكا ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»نى «تېرورلۇق تەشكىلاتى» دەپ ئېتىراپ قىلىپ تەخمىنەن ئىككى يىلدىن كېيىن، ئۇنىڭ رەھبىرى ھەسەن مەخسۇم ئالەمدىن ئۆتتى ھەمدە ئۇنىڭ «تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش ئۇنىۋېرسال گەۋدىسى»نىڭ نەزىرىدە «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»

دەپ قارالغان جامائەتنى تارمار قىلىندى. ئەمما، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» بۇ ئىككى تىزىملىكتە تۇرۇۋەردى، مەزكۇر كىتاب نەشر قىلىنغاندىمۇ ئۇ يەنىلا ئاشۇ تىزىملىكتە ئىدى، ئۇيغۇرلارمۇ داۋاملىق تۈردە بۇنىڭ ۋابالىنى تېتىۋاتاتتى.

## «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»، 2004 ~ 2012: قوراللىق كۆچكە ئىگە ۋىدىيو ئىشلەش شىركىتى

ھەسەن مەخسۇمنىڭ جامائىتىدىكى قالغان كىشىلەرنىڭ ئۇ ئۆلگەندىن كېيىنكى بىر قانچە يىلدىكى پائالىيەتلىرى ھەققىدە ئانچە كۆپ مەلۇمات يوق. شۇنىسى مەلۇمكى، ئۇنىڭ مۇئاۋىنى ئابدۇللاھ قارىھاجى پاكىستاندىن يېڭى پاناھگاھقا قاچقان، باشقىلار ئۇنىڭغا ئەگەشكەن بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر مەخسۇم 2002 - يىلى پاكىستانغا تەخمىنەن يىگىرمە ئەگەشكۈچىسى بىلەن بىللە كەلگەن بولسا، 2003 - يىلىغا كەلگەندە، تېخىمۇ ئاز كىشى قالغان بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن. ئەمەلىيەتتە، (ھەسەن مەخسۇمنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن) تاكى 2008 - يىلىغىچە ئافغانىستان ياكى پاكىستاندىكى ئۇيغۇر قوراللىق كۆچلىرى ھەققىدە ماھىيەتلىك خەۋەرلەر ئاڭلىنىپ باقمىغانىدى. ھالبۇكى، بۇ مەزگىلدە، (بۇ جامائەتتىن) قېپقالغان ئاللىكىملەرنىڭ يەنىلا ھەسەن مەخسۇم جامائىتىنىڭ مىراسىدىن پايدىلىنىپ، يېڭىدىن ئىش باشلاشنى پىلانلاۋاتقانلىقىغا دائىر بەزى ئالامەتلىرى بار ئىدى.

بۇ ئالامەتلەرنىڭ بىرىنچىسى 2004 - يىلى ئۆزىنى «تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى» (TIP) دەپ ئاتايدىغان بىر تەشكىلاتنىڭ «www.tipislamawazi.com» دېگەن تور بېكىتىنىڭ پەيدا بولۇشى ئىدى. گەرچە مەزكۇر تور بەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان مەزگىلدە ئىزچىل يېڭىلىنىپ باقمىغاندەك قىلسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدا ئېنگلىزچە ۋە ئۇيغۇرچە بەزى ماتېرىياللار بار ئىدى. «تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى» ئۆزلىرىنىڭ ھەسەن مەخسۇمنىڭ تەشكىلاتى شۇ ئىكەنلىكىنى، ئىسمىنىڭ 2000 - يىلىدىن ئىلگىرى، ھەسەن مەخسۇم ھايات چېغىدىلا ئۆزگەرتىلگەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى (47). لېكىن، دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، مەن بۇ تور بېكەت 2004 - يىلى پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرىكى، بۇ ئۆزگىرىشنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ھېچقانداق خاتىرە ياكى يازمىلارنى تاپالمىدىم. مەسىلەن، ھەسەن مەخسۇم 2002 - يىلى «ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى»نىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى» دېگەن ئىسمنى ئىشلىتىپ، بۇ ئىسمنىڭ 1990 - يىلى بارىندا ئۇيغۇرلارنى (خىتايغا قارشى كۆرەش قىلىشقا)

تەشكىللىگەن ساۋاقدىشى (زەيدىن يۈسۈپ)نى خاتىرىلەش ئۈچۈن قوللىنىلغانلىقىنى ئېنىق تىلغا ئالغان (48). بۇ تور بېكەت پەيدا بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، «تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى» يەنە ھەسەن مەخسۇمنىڭ ھاياتى توغرىسىدا بىر سائەتلىك ئەرەبچە ۋىدىيو تارقاتقان بولۇپ، قارىماققا شۇ ئارقىلىق ئەرەب دۇنياسىنىڭ، بولۇپمۇ جىھادچىلارنىڭ ئۇيغۇر مەسىلىسىگە بولغان دىققىتىنى قوزغاشنى مەقسەت قىلغاندەك قىلاتتى (49). بۇنىڭدىن سىرت، ئالدىنقى بابتا قەيت قىلىنغىنىدەك، 2006 ـ يىلى شەرقىي تۈركىستاندا جىهاد قىلىشقا چاقىرغان بىر ۋىدىيو ئاتالمىش ئۇيغۇر قوراللىق كۈچلىرى تەرىپىدىن تارقىتىلغان، ئەمما بۇ ۋىدىيودا «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى» تىلغا ئېلىنمىغان، ئۇنىڭ لوگوسىمۇ ئىشلىتىلمىگەن. ھالبۇكى، «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ 2004 ـ يىلىدىكى ۋىدىيولىرىدا بۇ لوگو بار ئىدى.

ئۆتمۈشكە قارايدىغان بولساق، بۇ خىل (پەرقلىق) تاراتقۇ ئۇرۇنۇشلىرى ھەسەن مەخسۇم جامائىتىنىڭ ئەسلىدىنلا ناھايىتى ئاز بولغان، ئۆلۈپ كەتكەن رەھبىرىنىڭ مىراسىغا ۋەكىللىك قىلماقچى بولغان قالدۇق كۈچلىرى ئارىسىدىكى ئوخشىمىغان گۇرۇپپىلارغا ۋەكىللىك قىلىشى مۇمكىن ئىدى. ئەگەر ئەھۋال راستىلا شۇنداق بولسا، 2008 ـ يىلىغا كەلگەندە، ھەسەن مەخسۇم جامائىتىنىڭ قالدۇقى ئارىسىدىن پەقەت بىرلا يېڭى تەشكىلات چىققاندەك قىلاتتى. بۇ تەشكىلات ھەسەن مەخسۇمنىڭ جامائىتىگە قارىغاندا، ئۆز نامىنى بەكرەك تەكىتلەپ (ھەسەن مەخسۇمنىڭ كۆپىنچە ھاللاردا ئۆز تەشكىلاتىنى «جامائەت» دەپلا ئاتايدىغانلىقى يۇقىرىدا قەيت قىلىنغانىدى، ت)، ئۆزىنى «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى» دەپ ئاتىدى ۋە داڭلىق ئاخبارات تارمىقى «ئىسلام ئاۋازى» ئارقىلىق بۇ نامنى تېخىمۇ بەك تەشۋىق قىلدى. ئەپسۇسلىنارلىقى، «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ قانداق قۇرۇلغانلىقى توغرىسىدىكى ئۇچۇرلار ئىنتايىن ئاز بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتىكى ئەھۋالنى پەقەت پەرەز قىلىشقىلا بولىدۇ. گەرچە، «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ بىر پارچە گۇمانلىق ھۆججىتىدە ئابدۇلھەقنىڭ ھەسەن مەخسۇم ئۆلگەندىن كېيىنلا جامائەتنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى قولىغا ئالغانلىقى كۆرسىتىلگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ جەھەتتىكى ئۇچۇرلار تاكى بەش يىلدىن كېيىن، يەنى 2008 ـ يىلى مارتتا، ئابدۇلھەق بېيجىڭ ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى توغرىسىدا ۋىدىيو تارقاتقانغا قەدەر ئېلان قىلىنمىغانىدى (51). شۇڭلاشقا، ئابدۇلھەق ئۆزىنىڭ رەھبەرلىك ئورنىنى تىكلەپ، 2001 ـ يىلىدىن كېيىن ۋەزىرىستانغا كەلگەن بارلىق ئۇيغۇرلاردىن يېڭى جامائەت بەرپا قىلىشقا باشلىغاندا، بۇ تەشكىلات ئاندىن تەدرىجىي قۇرۇلغان بولۇشى مۇمكىن. ھەسەن مەخسۇمنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن نېمە ئىشلار يۈز بەرگەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، 2008 ـ يىلى مەۋجۇت بولغان «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ ئاساسلىقى ئابدۇلھەقنىڭ پروجېكتى ئىكەنلىكى ئېنىق ئىدى. ئابدۇلھەق «ئەمىر»

دېگەن نامىنى قوللانغان بولۇپ، بۇ تەشكىلاتنىڭ بەيئەت تۈزۈمى ۋە مېتودى ھەسەن مەخسۇم جامائىتىنىڭكىگە ئوخشمايتتى.

ئابدۇلھەقنىڭ كۆپىنچە كەچمىشلىرى سىرلىق. ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى مەمتىمىن ماۇت بولۇپ، ئۇ 2003 ـ يىلى خىتاي جامائەت خەۋپسىزلىك مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن «تېرورچى» سۈپىتىدە تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىلغان ھەسەن مەخسۇمنىڭ مۇئاۋىنى ئابدۇللاھ قارىھاجى قاتارلىق 11 ئۇيغۇرنىڭ قاتارىدا يوق ئىدى (52). ھالبۇكى، گۇەنتاناموغا سولانغان ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپىنچىسى ئابدۇلھەقنى ئۆزلىرى مەشق قىلغان بارگاھنىڭ مەسئۇلى دەپ قارايتتى، بۇ ئۇنىڭ يا 2001 ـ يىللا ھەسەن مەخسۇم جامائىتىنىڭ يادرولۇق ئەزاسى ئىكەنلىكىنى، ياكى ھەسەن مەخسۇمنىڭ جامائىتى (كابۇل ۋە شەھەر ئەتراپىدىكى ئىككى ھەربىي بازىدا) قامال قىلىنغاندىن كېيىن، بۇ جامائەتكە قاتنىشىش ئۈچۈن كەلگەن ئۇيغۇرلاردىن پايدىلانغان تالىبان بىلەن مۇناسىۋىتى بار بىر ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ ئەرەب تىلىدىكى «ئىسلامىي تۈركىستان» ژۇرنىلىنىڭ تۇنجى سانىدا، ئابدۇلھەقنىڭ ئۇيغۇر دىيارىدىكى دەسلەپكى ھاياتى ۋە ئۇنىڭ ئافغانىستاندا پەيدا بولۇشى توغرىسىدا بەزى تەپسىلاتلار ـــ ھېچ بولمىغاندا ئابدۇلھەق ئۆزىنى سۈپەتلەشنى خالايدىغان تەرزدە ـــ بېرىلگەن. مەلۇم بولۇشىچە، ئابدۇلھەقمۇ ھەسەن مەخسۇمغا ئوخشاش، ياش ۋاقتىدىلا ئائىلىسىدىكىلەر تەرىپىدىن بىرەسمىي دىنىي ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قولىدا ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەن، ئەمما ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ 1975 ـ يىلدىن 1980 ـ يىلغىچە ھۆكۈمەت مەكتىپىدە ئوقۇغانلىقىنى، ئاندىن قاغىلىقتىكى ئابدۇلھەكىم مەخسۇم ھاجىنىڭ مەدرىسىدە ئوقۇش ئۈچۈن بۇ مەكتەپتىن ئايرىلغانلىقىنى بايان قىلغان (53). ھالبۇكى، ھەسەن مەخسۇمغا ئوخشمايدىغىنى، ئابدۇلھەق داموللام ئابدۇلھەكىم مەخسۇم ھاجىنى ئۆزىنىڭ ئاساسلىق ئۇستازى دەپ قارىمىغان. ئۇ مۇھەممەد زاكىر ئاخناد خەلىفەنى ئاخىرقى ۋە ئاداقىي ئۇستازىم دېگەن، شۇنداقلا مۇھەممەد زاكىر ئاخنادنىڭ سەلەفىي ئەقىدىسىدە ئىكەنلىكىنى ئېيتقان بولۇپ، بۇ ئابدۇلھەقنىڭ ھەسەن مەخسۇمغا قارىغاندا سەلەفىيلىكنىڭ تېخىمۇ كۆپ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ (54). ئابدۇلھەق داموللام بىر مەزگىل تۈرمىدە ياتقاندىن كېيىن، ئاخىرى نۇرغۇن قېتىم پارا بېرىش ئارقىلىق مەخپىي قېچىش يولىنى تاپقان. ئۇ ئۆزىنىڭ (ئاشۇ مەخپىي لىنىيە ئارقىلىق) پاكىستانغا كەلگەنلىكىنى ۋە شۇ جايدىكى يەرلىك مەدرىس ئارقىلىق ھەسەن مەخسۇمنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن ئۇچراشقانلىقىنى بىلدۈرگەن. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ 1998 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئافغانىستاننىڭ خوست شەھىرىگە كەلگەن ۋە ھەسەن مەخسۇمنىڭ جامائىتى قۇرۇلغان تۇنجى يىللا بۇ جامائەتكە ئەزا بولغان (55).

شۇنىسى ئېنىقكى، ئابدۇلھەق ۋە ئۇنىڭ تەشكىلاتى ئاخىرىدا ئەلقائىدە ۋە تالىبان بىلەن ھەسەن مەخسۇم ۋە ئۇنىڭ جامائىتىگە قارىغاندا بەكرەك يېقىن ئىتتىپاق تۈزگەن، ئەمما بۇ خىل ئۆزگىرىشنىڭ

**قاچان ۋۇجۇدقا چىققانلىقى ئېنىق ئەمەس. بۇ ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى ئەينى چاغدا ئابدۇلھەق ھەسەن مەخسۇمنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ۋەزىرىستاندا قالغان ئاز ساندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ رەھبىرىگە ئايلانغان. ئۇ چاغدا بۇ رايون تامامەن دېگۈدەك ئەلقائىدە ۋە پاكىستان تالىبانلىرى تەرىپىدىن كونترول قىلىناتتى. ھالبۇكى، ئابدۇلھەقنىڭ ئەلقائىدە بىلەن بولغان ئىتتىپاقداشلىقى «خىتايغا قارشى جىھاد ئۈچۈن، ھەسەن مەخسۇم مۇۋەپپەق بولغاندىنمۇ كۆپرەك تاشقى قوللاشقا ئېرىشىش»تىن ئىبارەت سىياسىي ھېساب ـ كىتابنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئېلىشى مۇمكىن. ئامېرىكا مالىيە مىنىستىرلىقى بېيجىڭ ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدىن كېيىن، يەنى 2009 ـ يىلى ئابدۇلھەققە قارىتا ئېمبارگو يۈرگۈزگەندە، ئۇنىڭ 2005 ـ يىلى ۋەزىرىستاندا ئەلقائىدەنىڭ شۇرا كېڭەشگە قاتناشقانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان، ئەمما شۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ھېچقانداق مەنبەدە بۇنداق بىر ئىشنىڭ بولغانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلمىگەندى (56).**

**ئابدۇلھەقنىڭ ئەلقائىدە بىلەن قاچان رەسمىي ئالاقە ئورناتقان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، 2008 ـ يىلىغا كەلگەندە، ئۇ ۋە ئۇنىڭ تەشكىلاتىنىڭ ۋەزىرىستاننىڭ شىمالىدىكى ئەلقائىدە بىلەن تولۇق ئىتتىپاقلاشقانلىقى ئايدىڭلاشتى. مەزكۇر ئىتتىپاقداشلىق («تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»گە) نۇرغۇن بايلىقلارنى ئېلىپ كەلگەندەك قىلاتتى. «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى» 2008 ـ يىلى سۈپەتلىك ئىشلەنگەن، ئەلقائىدە بىلەن باغلىنىشلىق بىر نەشرىيات تەرىپىدىن نەشر قىلىنىدىغان ئەرەبچە ژۇرنال چىقىرىشقا باشلىدى، شۇنداقلا بېيجىڭ ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسگە تەھدىت سالىدىغان بىر قىسىم ۋىدىيولارنى ئىشلەپ تارقاتتى. «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسگە قارىتىلغان تەھدىت ۋىدىيولىرى ئارقىلىق مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىشى ئەلقائىدەنىڭ رەھبەرلىك قاتلىمىدا ئىجابىي تەسىر قالدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر قانچە يىلدا بۇ تەشكىلاتنى ئۆزلۈكسىز ئىقتىساد بىلەن تەمىنلىشىگە تۈرتكە بولغان بولۇشى مۇمكىن. بۇنىڭدىن سىرت، ئولىمپىكتىن كېيىن، ئەلقائىدەنىڭ باياناتچىسى ئۇسامە بىن لادېننىڭ ئۆزى بىۋاستە ئابدۇلھەقنى «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ ئەمىرى ۋە «خىتايدىكى ئەلقائىدە» ناملىق ئەرۋاھ تەشكىلاتنىڭ رەھبىرى قىلىپ تەيىنلىگەنلىكىنى جاكارلىدى. ھالبۇكى، شۇ قېتىملىق جاكاردىن كېيىن «خىتايدىكى ئەلقائىدە» دېگەن بۇ تەشكىلاتنى ھېچكىم قايتا ئاڭلاپ باقمىدى (57).**

**يۇقىرىدىمۇ دېيىلگىنىدەك، «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ «ئىسلام ئاۋازى» نامىدىكى ۋىدىيولىرى 2008 ـ يىلىدىن 2012 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا سان ۋە سۈپەت جەھەتتە شىددەت بىلەن ئاشتى. بۇ ۋىدىيولارنىڭ سانى تېخىمۇ كۆپەيگەندىن سىرت، سۈپەت جەھەتتىمۇ بارغانسېرى پىششىپ يېتىلدى، تېخىمۇ سۈپەتلىك سۈرەتكە ئېلىندى ۋە تېخىمۇ مۇرەككەپ سۈرەت تېخنىكىلىرى ئىشلىتىلدى. ھالبۇكى، مەزكۇر تاراتقۇ ئەسەرلىرىنىڭ بارغانسېرى كۆپىيىشى ۋە پىششىپ يېتىلىشىنىڭ ۋەزىرىستاندىكى**

ئۇيغۇر جەڭچىلىرىنىڭ كۆپىيىشى بىلەن باغلىنىشلىق ياكى ئەمەسلىكى ھېلىھەم ئېنىق ئەمەس. مەسىلەن، دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ھېچ بولمىغاندا 2011 ـ يىلىغىچە، بۇ ۋىدىيولاردا ئۇيغۇر جەڭچىلىرىنىڭ نەق مەيدان كۆرۈنۈشلىرى يوق دېيەرلىك ئىدى. ئىسلام ئاۋازى ئافغانىستاندىكى ھەسەن مەخسۇم جامائىتىدىن ساقلىنىپ قالغان ۋىدىيو پارچىلىرىغا ۋارىسلىق قىلغان ۋە ئۇنى ئۆز ۋىدىيولىرىدا كەڭ كۆلەمدە ئىشلەتكەندەك قىلاتتى، 2011 ـ يىلىغىچە بۇ ۋىدىيولاردا ۋەزىرىستاندىكى ئۇيغۇرلاردىن بولسا، ئۆز ـ ئۆزىنى ئەمىر دەپ ئېلان قىلغان ئابدۇلھەق، ئۇنىڭ مۇئاۋىنى ئابدۇشۈكۈر، سەيفۇللاھ ئىسىملىك بىر قوماندان، «ئىسلام ئاۋازى»نىڭ فىلىم مەسئۇلى ئابدۇللاھ مەنسۇر ۋە ئابدۇلئەزىز ئىسىملىك دىنىي ئالىمدىن ئىبارەت بەشلا كىشى كۆرۈنۈپ باققاندى. گەرچە بۇ ۋاقىتتا «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»گە باغلىنىشلىق باشقا ئۇيغۇرلار بولۇشى مۇمكىن بولسىمۇ، ئەمما بۇ تەشكىلاتنىڭ 2011 ـ يىلىغىچە مەزكۇر بەش كىشىدىن باشقا ئەزالىرى بولمىغان ياكى ناھايىتى ئاز بولغان بولۇشى مۇمكىن.

بۇ بەش كىشىنىڭ تەرجىمىھالى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ بەيئەت تۈزۈمى ۋە ئۇنىڭ ھەسەن مەخسۇم جامائىتى بىلەن بولغان پەرقى ھەققىدە بەزى چۈشەنچىلەر بىلەن تەمىنلەيدۇ. ھەسەن مەخسۇمنىڭ جامائىتى ئافغانىستاندىكى مەزگىللەردە، كېيىن ئابدۇلھەقنىڭ مۇئاۋىنى بولغان ئابدۇشۈكۈر تالىبانىنىڭ ئەسكىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ھەسەن مەخسۇم جامائىتىنىڭ ھەقىقىي ئەزاسى بولۇپ باققان ـ باقمىغانلىقىمۇ ئېنىق ئەمەس. ئۇ 2000 ـ يىلى (تالىبانغا قارشى) «شىمالىي ئىتتىپاق» تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ، 2007 ـ يىلى «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»گە ئەزا بولغانغا قەدەر يەتتە يىل تۈرمىدە ياتقان (58). ئابدۇللاھ مەنسۇرنىڭ كەچمىشىمۇ شۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدىغاندەك قىلىدۇ، چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ ھەسەن مەخسۇم ئافغانىستانغا كېلىشتىن بىر قانچە يىل ئىلگىرىلا، ئابدۇشۈكۈر بىلەن بىللە ئافغانىستانغا كەلگەنلىكىنى ئېيتقان (59). قوماندان سەيفۇللاھمۇ 1997 ـ يىلى ئافغانىستانغا كەلگەن ۋە ھەسەن مەخسۇم بىلەن ئۇچرىشىشتىن ئىلگىرى، تالىبان بىلەن بىر سەپتە «شىمالىي ئىتتىپاق»قا قارشى جەڭ قىلغان (60). گەرچە سەيفۇللاھنىڭ ھەسەن مەخسۇمنىڭ شۇرا كومىتېتىنىڭ بىر ئەزاسى ئىكەنلىكى ئىلگىرى سۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئەينى ۋاقىتتا تالىبان بىلەن ھەسەن مەخسۇمدىن بەكرەك قويۇق ئالاقە ئورناتقاندەك قىلاتتى. 2001 ـ يىلى ئامېرىكا ئافغانىستانغا تاجاۋۇز قىلغان جەرياندا، سەيفۇللاھ شىمالدا قاپسىلىپ قالغان بولۇپ، 2002 ـ يىلى پاكىستانغا ئۆتكەندە ئاندىن ھەسەن مەخسۇم بىلەن ئۇچراشقان. ياش ئابدۇلئەزىز قارىماققا ئۇستازى (كۈرەش تارىخى) نىسبەتەن قىسقا، غايىلىك دىنىي ئوقۇتقۇچىدەك قىلاتتى. ئۇنىڭ 2001 ـ يىلدىن بۇرۇن ئافغانىستانغا كەلگەنلىكى توغرىسىدا ھېچقانداق پاكىت يوق. ئۇ دەسلەپتە پاكىستانغا بېرەر مەدرىستە ئوقۇغىلى كېلىپ، ئاندىن ۋەزىرىستاندا باشقىلارغا قوشۇلغان بولۇشى مۇمكىن. شۇ ۋەجىدىن، ئابدۇلھەق «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»دىكى ھەسەن مەخسۇمنىڭ تەشكىلاتى بىلەن ماھىيەتلىك مۇناسىۋىتى باردەك كۆرۈنىدىغان ـــ گەرچە مۇشۇ مەسىلىمۇ

**ئىختىلاپلىق بولسىمۇ ـــ بىردىنبىر يادرولۇق ئەزادۇر. «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ كۆپىنچە رەھبەرلىرى ۋەزىرىستانغا كېلىشتىن بۇرۇن تالىبان بىلەن كۆپرەك ئالاقە قىلغانىدى. بۇ بەلكىم مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ ئەلقائىدە ۋە ۋەزىرىستاندىكى پاكىستان تالىبانلىرى بىلەن بولغان يېقىن ئىتتىپاقداشلىقىغا تۈرتكە بولغان بولۇشى مۇمكىن.**

**بۇ تەشكىلات ھەققىدە دائىم قەلەم تەۋرىتىپ تۇرىدىغان «تېرورلۇق» تەھلىلچىسى جېيكوب زېن (Jacob Zenn) مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ دەسلەپكى تەرەققىيات باسقۇچىدا، «ئىسلام ئاۋازى»نىڭ تۈركۈملەپ ۋىدىيو ئىشلەپچىقارغانلىقىنى نەزەردە تۇتقاندا، ئۇنى «تەشۋىقات تارمىقىغا ئىگە قوراللىق تەشكىلات» دېگەندىن كۆرە، «قوراللىق كۈچىگە ئىگە تەشۋىقات ئاپپاراتى» دېگەن تۈزۈك (61). مەن بۇ مەزگىلدە «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ ھەتتا قوراللىق كۈچىمۇ يوقلۇقىنى ئىلگىرى سۈرىمەن. ئەكسىچە، ئەينى ۋاقىتتىكى ۋەزىرىستاندىكى ئاز ساندىكى ئۇيغۇرلار شىمالدىكى ئەلقائىدە ياكى پاكىستان تالىبانلىرىنىڭ بىرى بىلەن مۇناسىۋىتى بار دۆلەت ھالقىغان بىرىگادادا ئۇرۇش قىلىشقان بولۇشى مۇمكىن بولۇپ، بۇ يەردە ئابدۇلھەقكە ھەربىي رەھبەرلىك رولى بېرىلگەندەك قىلاتتى. ھالبۇكى، بۇ مەزگىلدە «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ ھەقىقىي يادروسى بۇ جەڭچىلەر بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ «ئىسلام ئاۋازى» ئارقىلىق بارغانسېرى زورىيىۋاتقان تاراتقۇ كۈچى ئىدى.**

**(داۋامى كېيىنكى ساندا)**

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى

* نەقىل مەنبەلىرى ئۇچۇن ئەسەرنىڭ ئەسلى نۇسخىسىغا قارالغاي.



# بىر پارچە تەۋەررۈك كېسەك

گۈلناز تۇرسۇن

# بىر پارچە تەۋەررۈك كېسەك

گۈلناز تۇرسۇن

2009 ـ يىلى دېكابىر ئېيىدا ھەمراجان ئاكىمىزنىڭ ئالمۇتاغا كەلگىنىنى ئاڭلاپ، ئىنىم ئىككىمىز ئۇيغۇر چادىرىغا مەخمۇت ئابدىراخمانوفنىڭ سىپېكتاكلىغا تەكلىپ قىلغان ئىدۇق. شۇ دەسلەپ ئۇچراشقىنىمىزدا ئۇ كىشىگە ۋەتەندىن ئېلىپ كەلگەن بىر پارچە كېسەكنى سوۋغا قىلغان ئىدىم. ئاكىمىزنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتكۈم كەلدى.

ھەمراجان ئاكىمىزنى مىللىتىمىزنىڭ تارىخىغا ۋە مەدەنىيىتىگە قىزىقىدىغان نۇرغۇن كىشىلەر ياخشى تونۇيدۇ دەپ ئويلايمەن. ھەمراجان ئاكا «ئەمىرى ـ نەرۋت»، «ئىزلىرىمىز»، «ھەمراجان نارۋت» ناملىق تور بەتلەرنى ئېچىپ، كۆپلىگەن يىللاردىن بېرى ئۇيغۇر تىلىنى، تارىخىنى ۋە مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىشنى تەشۋىق قىلماقتا. كۆپلىگەن ماتېرىياللارنى توپلاپ كونا يېزىقتىن رۇس تىلىغا تەرجىمە قىلىپ تارقىتىپ، ۋەتەن ئىچى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئويناپ كەلمەكتە. شۇنداقلا 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىغا قاتناشقان باتۇر ئۇيغۇرلىرىمىز ھەققىدە مەلۇمات توپلاپ، ئىز ـ دېرەكسىز يوقالغان شۇ بوۋىلىرىمىزنى ئىزدەش ئىشلىرىدا ئاكتىپ كۈچ چىقارماقتا.

ئاكىمىز قازاقىستاننىڭ يەركەنت تەۋەسىدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان. ئۇ ئوتتۇز سەككىز يىلدىن بۇيان رۇسىيەنىڭ سانت پېتىربۇرگ شەھرىدە ياشاپ كەلمەكتە. ھەمراجان ئاكا تارىخىي ۋەتىنىمىزنىڭ سىرتىدا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان بىر ئۇيغۇر، ئۇنىڭ ئىنسانىنى سۆيۈندۈرۈپ ھۆرمىتىنى قوزغايدىغىنى، گەرچە ئۇ ئۇيغۇرلۇق تۇيغۇلىرىنى جانلاندۇرۇپ، مىللىي روھنى كۈچەيتىدىغان ئانا تىل ۋە مەدەنىيەت مۇھىتى بولمىغان جەمئىيەتتە ياشىغان بولسىمۇ، ھەمراجان ئاكا ئۆز مىللىي كىملىكىنى يوقاتمايلا قالماي باشقىلارغىمۇ ئۆگىتىپ كەلمەكتە. ئۆزىنىڭ ئۇيغۇرنىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكىنى بىلسىمۇ، «سەن قايسى روھتا ياشايسەن ؟» دەپ سورىسا، بۇنىڭغا ئېنىق جاۋاب بېرەلمەي ياشايدىغان كىشىلىرىمىز ئۈچۈن بۇ ھۆرمەتلىك ئاكىمىزنىڭ ئۇيغۇرلۇق روھى ناھايىتى ياخشى ئۈلگە بولالايدۇ. شەخسەن مەن ئۆزۈم ئاكىمىزنىڭ شۇ گۈزەل روھىدىن ئىلھام ئالىمەن، ھەم شۇنداق بولۇشقا ئىنتىلىمەن. ھەمراجان ئاكىمىزنى ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ خەزىنىدارى دەپ تونۇيمەن، ئۇنى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىراسخورى دېگۈممۇ كېلىدۇ. بىز ئۇيغۇرلاردا «ئالتۇنىنىڭ قەدرىنى زەرگەر بىلىدۇ» دەيدىغان بىر تەمسىل بار، شۇ سەۋەبتىن ئۆزۈم ئۈچۈنمۇ بىباھا قىممەتلىك بولغان بۇ كېسەكنى ئاكىمىزغا سوۋغات قىلغۇم كەلدى.

2007 ـ يىلى ياز ئايلىرى، دادام ئىككىمىز ئالمۇتادىن غۇلجىغا قاراپ يولغا چىققان ئىدۇق. دادامنىڭ يىللارچە سېغىنىش، ھىجران ئوتىدا ئارزۇ قىلغان كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئانا ۋەتەن تۇپرىقىغا قىرىق تۆت يىلدىن كېيىنكى تۇنجى قەدەم بېسىشى ئىدى. ۋەتەندىكى كۈنلىرىمىز نەپەس ئالساق ھاۋاسىغا تويماي، ئىچسەك سۈيىگە قانماي، يۇرتىمىز غۇلجىنىڭ گۈزەل مەنزىرىلىرىگە قاراپ تويماي ھاياجانلىق ئىلكىدە ئاق كۆڭۈل، مېھماندوست قېرىنداشلىرىمىزنىڭ مېھرى ـ مۇھەببەتلىك تەبەسسۇمىدىن بەخت تۇيغۇسى ئىچىدە ئۇلارنىڭ قىزىقارلىق ھايات سەرگۈزەشتىلىرىنى ھاياجان ۋە ھەيرانلىقتا ئاڭلاش بىلەن ئۆتكەن ئىدى. بۇ زېمىندىكى ھەممە نەرسە بىز ئۈچۈن ئاجايىپ يېقىملىق، تەسۋىرلىگۈسىز گۈزەل ۋە بىباھا تۇيۇلاتتى. ۋەتىنىمىزنىڭ مەركىزى بولغان ئۈرۈمچى شەھىرىنى كۆردۇق. ئاندىن يازدىكى ھاۋانىڭ چىدىغۇسىز ئىسسىقلىقىغا قارىماي، قەدىمي شەھەر تۇرپانغا قاراپ يولغا چىقتۇق. شوپۇر ئۇستام يول بويىي دادامغا ۋەتەن ھەققىدە كۆپلىگەن قىزىقارلىق ھېكايىلەرنى سۆزلەپ زېرىكتۇرمىگەن ئىدى. تۇرپان شەھىرىگە كىرگەندە ئۆزۈمنى خۇددى رىۋايەتلەردىكى چۆچەك دۇنياسىغا كەپ قالغاندەك تۇيغۇدا بولدۇم. تۇرپانغا چۈش ۋاقتىغا ئۇلگۈرۈپ كەلدۇق، ئۇ چاغدا بۇ جاي چىدىغۇسىز ئىسسىپ كەتكەن ئىكەن. كوچىدا ئادەملەر بەكمۇ ئاز ئىدى، كەچقۇرۇن ھاۋانىڭ سالقىنلىشىشىغا ئەگىشىپ كوچىدىكى كىشىلەر تەدرىجىي كۆپىيىشكە باشلىدى. مەن ھاۋاسى پەۋقۇلئاددە ئىسسىق بولغان بۇ يەرنىڭ يەرلىك كىشىلىرىنى قۇياش نۇرىدا كۆيۈپ قارىداپ كەتتىمىكىن دەپ ئويلىغان ئىدىم. ئەكسىچە تۇرپانلىق قېرىنداشلارنىڭ كۆپىنچىسى ئاق يۈزلۈك بولۇپ، ئەرلەرنىڭ تولىمۇ قامەتلىك، قىز ـ چوكانلارنىڭ ناھايىتى گۈزەل، چىرايلىق ئىكەنلىكىگە قاراپ ھەيران قالدىم. تۇرپان شەھىرىدىن چىقىپ يالقۇن تاغنى بويلاپ، مەن ئۇزۇن يىللاردىن بېرى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن مىڭ ئۆينى كۆرگىلى باردۇق. غاردىكى تامغا سىزىلغان رەسىملەرگە زوقلىنىش ئىلكىدە قاراپ، رەسىمدىكى مۇرەككەپ رەڭلەرنىڭ گۈزەللىكىنى كۆزۈمگە سىرتۇۋالغۇم كەلگەن ئىدى. ۋاقىت بۇ تامدىكى رەسىملەر ئىچىدە توختاپ قالغاندەك تۇيۇلاتتى. شۇنداق ئۆيلەرنى ئارىلاپ كۆرۈپ يۈرگەندە، توساتتىن بىر توسۇقلۇق تۇرغان يەرگە كۆزۈم چۈشتى. يېقىن كېلىپ قارىسام ئۆينىڭ بىر تەرىپى بۇزۇلۇپ، كېسەكلىرى پارچىلىنىپ يەرگە چېچىلىپ كەتكەن ئىكەن. بۇ كېسەكلەر ماڭا بىر ئالتۇن پارچىسىدەك تۇيۇلۇپ كەتكەن ئىدى. بىر پارچىنى ئاۋايلاپ ئېلىپ ياغلىقىمغا ئورىغىنىمدا پۈتكۈل ۋۇجۇدۇمنى تىترەك باستى. مانا بۇ كېسەك پارچىسى ھازىرقى كۈندە رۇسىيەنىڭ سانكت پېتېربۇرگ شەھىرىدە، ھەمراجان ئاكامنىڭ خەزىنىسىدە ساقلانماقتا.

بۇ مېنىڭ ۋەتەنگە قىلغان تۇنجى ساياھىتىم ئىدى. گەرچە ئارىدىن كۆپ يىللار ئۆتكەن بولسىمۇ، شۇ قېتىملىق سەپىرىمنىڭ ھەر بىر مىنۇتى تۇنۇگۈنكىدەك ئېسىمدە. چۈنكى ۋەتەننىڭ قەيېرىگىلا بارسام ئۆزۈمنى يات دىيارغا بارغاندەك ئەمەس، بەلكى ھەقىقىي ئۆز ئۆيۈمگە قايتىپ كەلگەندەك تۇيغۇدا بولغان ئىدىم. كوچىلاردا ئۇچراتقان كىشىلەر ناتونۇش ئەمەس ئىدى، خۇددى ئۇلار بىلەن بىرگە ئويناپ چوڭ بولغاندەك، ئۇلار بىلەن بۇرۇندىن تونۇشىدىغاندەك يېقىملىق تۇيۇلاتتى. ئۇلارنىڭ خۇش چاقچاق خاراكتېرى ئىنسانغا

ھەقىقىي ئىنسانلىقنى، ئۇيغۇر دېگەن مۇشۇنداق ئاق كۆڭۈل ۋە مېھرىبان بولىدۇ دېگەننى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى. مەن ھەقىقىي يەرلىك ئۇيغۇرلارنى كۆردۈم. مەن پەقەتلا چوڭلارنىڭ ھېكايىلىرىدىن تونۇپ بىلگەن، يۈزلىگەن رەسىملەردىن زوقلىنىپ، تەلمۈرۈپ، ھاياتىمدا بىر كۆرسەمكەن دەپ ئارزۇ قىلغان ھەقىقىي ئانا ۋەتىنىمنى كۆردۈم. شۇ تاپتا خۇددى ئەسىرلەر بويى تىنىچ ئېقىۋاتقان ئۇلۇغ بىر دەرياغا كىچىك بىر بۇلاق سۈيى كېلىپ قوشۇلغاندەك تۇيغۇدا بولدۇم. بۇ ئۇلۇغ دەريا يەنە مەڭگۈ ئاقىدۇ، ئەسىرلەر بويى سۈيى قۇرۇمايدۇ، ئېقىش يۆلىنىشى ئۆزگەرمەيدۇ. ۋەتەن سىرتىدا دۇنياغا كۆز ئاچقان ھەر بىر ئۇيغۇر پەرزەنتى، كىندىك قېنىنىڭ ئۆز ۋەتىنىدە تۆكۈلمىگەنلىكىدىن ئۆكۈنىدۇ. «ئەجدادلىرىم مىڭ يىللارچە ياشاپ، ۋەتەن ئۈچۈن دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلىپ زەپەر قازانغان، شۇ ئۇلۇغ قەھرىمانلارنىڭ قېنى تۆكۈلگەن ۋەتىنىمدە مېنىڭمۇ ياشاش ھەققىم بار ئىدىغۇ» دەيدىغان ئويلار ئىلىكىدە ئۇيغۇرلۇقنى ئىزدەيدۇ، تارىخنى ئۆگىنىدۇ. شۇڭا ئانا ۋەتىنىمىزنى سېغىنىش پىراقى بىزنى ۋەتەن ئۈچۈن جەڭ قىلىشقا ئۈندەيدۇ. بۇ مەندەك ۋەتەن سىرتىدا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان بىر ئۇيغۇر قىزنىڭ نىداسى، ۋەتەنىنىڭ ئەركىن بولۇشىنى دۇئالىرىمدا تىلەيمەن. ماڭا ئوخشاش ئارماندا ياشاۋاتقان قېرىنداشلىرىم بىلەن ئۇلۇغ ۋەتىنىمنىڭ مۇستەقىللىق كۈننى بىرلىكتە تەبرىكلەشنى ئۈمىد قىلىمەن.



# بىر دۆلەت قانداق قۇرۇلدۇ؟

# دۆلەت قانداق قۇرۇلىدۇ؟

BBC نىڭ «The Inquiry» بۆلۈمى تەييارلىغان

**2017-يىلى 10-ئاينىڭ 1-كۈنى، كاتالونىيەدە مەزكۇر رايوننىڭ ئىسپانىيەدىن ئايرىلىپ مۇستەقىل دۆلەتكە ئايلىنىشى كېرەكلىكى ياكى ئەمەسلىكى توغرىسىدا ئىسپانىيە ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنمىغان رېفېراندۇم (ئومۇمىي خەلقنىڭ ھۆكۈمەت سايلىمىدىن باشقا مۇھىم بىر ئىش ئۈچۈن بېلەت تاشلىشى، ت) ئۆتكۈزۈلدى.**

**ھالبۇكى، بۇ مۇشۇ خىل رايونلارنىڭ تۇنجى قېتىم مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىشى ئەمەس.**

**ئۇنداقتا، بىر رايون رەسمىي دۆلەتكە ئايلىنىش ئۈچۈن نېمىلەرنى قىلىشى كېرەك؟**

**تۆت خۇسۇسىيەت**

**خەلقئارا قانۇن مۇتەخەسسىسلىرى بىر دۆلەتنىڭ «دۆلەت» ھېسابلىنىشىدا مۇنداق تۆت ئامىل بارلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشىدۇ: خەلق، تېررىتورىيە، ھۆكۈمەت ۋە ئىگىلىك ھوقۇقلۇق ئاساستا باشقا دۆلەتلەر بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىش ئىقتىدارى.**

**گەرچە «خەلق» ئۇقۇمىنىڭ ئېنىقلىمىسى جەھەتتە نۇرغۇن ئىختىلاپلار مەۋجۇت بولسىمۇ، ئەمما بەزىلەر بۇنى «دۆلەت تەۋەلىكى ئېگىگە ئىگە ۋە مەزكۇر دۆلەت تەۋەلىكىگە ئىشىنىدىغان دائىمىي نوپۇسنى كۆرسىتىدۇ» دەپ تەبىرلىشىدۇ.**

**لوندون سىياسىي-ئىقتىساد ئىنىستىتۇتىدىكى (LSE) خەلقئارا قانۇن پەنلىرى ئوقۇتقۇچىسى جېيمىس ئىرۋىڭ (James Irving) ئېيتقاندەك، بۇ جەھەتتە «باغلىنىش ... ھەقىقىي مەنىدىكى باغلىنىش، يەنى تەۋەلىك ۋە كىملىك تۇيغۇسىنىڭ بار-يوقلۇقى ھەممىدە ھەقىقىي ئورتاق مەنپەئەتكە چېتىشلىق باغلىنىش» ئىنتايىن مۇھىم.**

**يەنە بىر ئاچقۇچلۇق نۇقتا شۇكى، دۆلەتنىڭ چېگرالىرى ئېنىق بېكىتىلگەن زېمىنى ۋە شۇ زېمىنغا قارىتا ئىگىلىك ھوقۇقى بولۇشى كېرەك.**

نۇرغۇن مۇتەخەسسىسلەر مۇقىم ۋە ئەمەلىي فۇنكسىيەسىنى جارى قىلدۇرالايدىغان ھۆكۈمەتنىمۇ دۆلەتنىڭ دۆلەت ھېسابلىنىشىدىكى ئاچقۇچلۇق ئۆلچەملەرنىڭ بىرى، دەپ قارايدۇ.

شۇ سەۋەبتىن، ئېگىلىك ھوقۇقلۇق دۆلەتلەر (ئۆزى خالىغان رەۋىشتە) قوش تەرەپلىك مۇناسىۋەت ئورنىتىش ئەركىنلىكىگە ئىگە. مەسىلەن، ئىككى دۆلەت ئورتاق مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتالايدۇ. ياكى تېخىمۇ كۆپ دۆلەتلەر ئورتاق مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ياۋروپا ئىتتىپاقى دېگەندەك دۆلەتلەرئارا تەشكىلاتلارغا ئەزا بولالايدۇ، ۋەياكى كىلىمات ئۆزگىرىش دېگەندەك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، خەلقئارالىق كېلىشىملەرنى ئىمزالىيالايدۇ.

بۇ ئىگىلىك ھوقۇقلۇق دۆلەتنىڭ باشقا ھەرقانداق كۈچ ياكى دۆلەتكە بېقىنمايدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭغا بويسۇنمايدىغانلىقىنى چۈشىنىشنى ئاساس قىلىدۇ.

ئۇنداقتا، بولغۇسى دۆلەتلەر قانداق قىلغان ھەقىقىي دۆلەتكە ئايلىنالايدۇ؟

## ئېتىراپ قىلىنىش

يەككە دۆلەتلەر بىر-بىرىنى ئېتىراپ قىلالايدىغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ جەھەتتىكى ئەڭ چوڭ ئېتىراپ بىر دۆلەتنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىشىدۇر.

بىر دۆلەتنىڭ ب د ت تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىشىنىڭ خەلقئارا قانۇننىڭ كاپالىتىگە ئېرىشىش، دۇنيا بانكىسى ۋە خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتىدىن قەرز ئېلىش، چېگرانى كونترول قىلىش ھەمدە دۇنيا ئىقتىسادىي سىستېمىسىغا ۋە باشقا مېخانىزملارغا كىرىش قاتارلىق نۇرغۇن پايدىلىرى بار. بۇنىڭدىن سىرت، ئۇلار سودا قانۇنلىرىنىڭ كاپالىتىگە ئېرىشكەنلىكى سەۋەبلىك، سودا كېلىشىمى تۈزۈشى تېخىمۇ ئاسانلىشىدۇ.

ئۇنداقتا، ب د ت تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنماي تۇرۇپمۇ، «دۆلەت» بولغىلى بولامدۇ؟

كېلىي ئۇنىۋېرستېتى خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى رېبېكا رىچاردس (Rebecca Richards) بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئەمەلىيەتتە، تۆۋەندىكى تەمسىل بۇنىڭغا ياخشى جاۋاب بولالايدۇ: ئەگەر بىر ھايۋان ئۆردەككە ئوخشاش مېڭىپ، ئۆردەككە ئوخشاش غاقىلدىسا، ئۇنداقتا ئۇ ئۆردەكتۇر. مەلۇم بىر دۆلەت (دۆلەتتە بولۇشقا تېگىشلىك) باشقا شەرتلەرنى ھازىرلىغانلا بولسا (ئۇنىڭ خەلقئارادا ئېتىراپ قىلىنىش-قىلىنماسلىقىدىن قەتئىينەزەر)، بىز يەنىلا ئۇنى دۆلەت دەپ قارايمىز».

سوماليلەند (Somaliland) بۇ جەھەتتىكى تېپىك مىسالدۇر.

ئىلگىرى ئەنگلىيەنىڭ ھامىيلىقىدىكى دۆلەت بولمىش سوماليلەند، 1960-يىلى مۇستەقىل بولۇپ تۆت كۈندىن كېيىن، ئىتالىيەگە قاراشلىق سومالىغا قوشۇۋېتىلگەن ۋە 1991-يىلى سومالى ھۆكۈمىتى غۇلاپ

چۆشكەنگە قەدەر سومالىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ تۇرغان. سومالى ھۆكۈمىتى غۇلىغاندىن كېيىن بولسا، ئۆز ئالدىغا مۇستەقىللىق جاكارلىغانىدى.

«ئۇلار (سومالىلەند)نىڭ ئىنتايىن كۈچلۈك ھۆكۈمىتى بار. بۇ يەر تىنچ ۋە مۇقىم. بۇ يەردە يەنە كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمىگۈدەك ئىقتىسادىي تەرەققىياتلار قولغا كەلتۈرۈلۈۋاتىدۇ. بۇ يەردە سىز بىر دۆلەتتە كۆرۈشنى خالايدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى بار» دەيدۇ رېبېكا رىچاردىس.

لېكىن، سومالىلەند ھېچكىم تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنمىغاچقا، بۇ ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى تەسلەشتۈرۈۋەتكەن. «ئۇلارنىڭ بەزى تەرەققىيات ياردىمى ياكى ئىنسانپەرۋەرلىك ياردەملىرىگە ـــ بولۇپمۇ ب د ت دىن كېلىدىغان ـــ ئېرىشىش ئىمكانىيىتى تولىمۇ چەكلىك» دەيدۇ رېبېكا رىچاردىس.

قانۇنىي جەھەتتىكى كاپالەتسىزلىك تۈپەيلى، ئۇلارنىڭ خەلقئارالىق بازارغا كىرىشىمۇ بەسىي مۈشكۈل. بۇنىڭدىن سىرت، سومالىلەندنىڭ پۇلى ئۆز زېمىنىنىڭ سىرتىدا ئېتىراپ قىلىنمىغاچقا، خەلقئارادا ھېچقانداق قىممىتى يوق.

مىللىي دۆلەت چۈشەنچىسىنىڭ تېگىدە ياتقىنى «ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش» (self ـ determination) ئۇقۇمىدۇر.

مەزكۇر ئۇقۇم «ئوكسفورد ئېنگلىزچە لۇغىتى»دە مۇنداق تەبىرلەنگەن: «بىر خەلقنىڭ ئۆزىنىڭ ھۆكۈمەت (ئىدارە قىلىش ۋە قىلىنىش) شەكلىنى تاللاش، دۆلەت سالاھىيىتىنى ئەركىن بەلگىلەش قىلمىشى بولۇپ، بىر تۇرلۇك ھوقۇق، دەپ قارىلىدۇ».

بۇ ھوقۇق 1945 ـ يىلى 6 ـ ئايدا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ نىزامنامىسىگە كىرگۈزۈلگەن.

ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش دەسلەپتە مۇستەملىكە ئاستىدا ياشايدىغان خەلقلەرنىڭ مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش، ياكى ئىلگىرىكى مۇستەملىكچى دۆلەت ياكى باشقا دۆلەتلەر بىلەن مەلۇم شەكىلدە ئالاقە ئورنىتىشنى تاللاش يولى دەپ قارالغانىدى.

«نۇرغۇن كىشىلەر بۇنى ياخشى ئىش دەپ قارايدۇ. ئەمما، بۇ (يەنى <ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش>)نىڭ زادى نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقى ھەققىدە ھېچقانچە پىكىر بىردەكلىكى يوق» دەيدۇ دوكتور ئىرۋىڭ.

ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش پىرىنسىپى مۇستەملىكە قىلىنغان زېمىنىنىڭ خەلقىنىڭ ئۆز دۆلىتىنى قۇرۇشنى خالىسا، شۇنداق قىلىشقا ھەقلىق ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

دۇنيا خەلقىنىڭ ئۈچتىن بىرى ئۆز سىياسىي سالاھىيىتىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىگە شاھىت بولدى. 1945 ـ يىلى ب د ت دا ئاران 51 دۆلەت بار بولغان بولسا، ھازىر بۇ سان 193 كە چىقتى.

لېكىن، بۇ ئىشنىڭ زىددىيەتلىك بىر تەرىپى بار.

كۆپلىگەن خەلقئارا قانۇن مۇتەخەسسىسلىرى مۇستەملىكە زېمىن مۇستەقىللىققە ئېرىشكەندىن كېيىن، تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ بۆلۈنۈشكە ياكى چېگرانى ئۆزگەرتىشكە بولمايدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشىدۇ.

لېكىن، بۇ «ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش» ئىدىيەسىگە زىت.

«<چېگرانى ئۆزگەرتكىلى بولماسلىق> (يەنى مەۋجۇت زېمىن پۈتۈنلۈكىگە دەخلى ـ تەرۇز قىلماسلىق) بىلەن <كىشىلەرنىڭ ئۆز كېلەچىكىنى ئۆزى بەلگىلەش هوقۇقى بولۇشى كېرەك>لىكىدىن ئىبارەت بۇ ئىككى پىرىنسىپنى قانداق ياراشتۇرۇش كېرەك؟» دەيدۇ لوندون سىياسىي ـ ئىقتىساد ئىنىستىتۇتىنىڭ شەرقىي جەنۇبى ياۋروپا سىياستى جەھەتتىكى ئالىي دەرىجىلىك تەتقىقاتچىسى جېيمس كېر ـ لىندسېي (James Ker ـ Lindsay).

ئاپتونومىيە

بۇنى ياراشتۇرۇش چارىسى «ئۆزى مۇستەقىل بولۇپ چىقىشنى خالايدىغان دۆلەتنىڭ تېررىتورىيەسى ئىچىدە ياشايدىغان كىشىلەرگە نىسبەتەن، <ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش> ئۇلارغا ئاپتونومىيە هوقۇقى بەرسىمۇ، ئۇلارنىڭ مۇستەقىل بولۇشىغا يول قويمايدۇ» دېيىشتىن ئىبارەتتۇر.

كوسوۋو مەسىلىسىدە دەل ئاشۇنداق ئەھۋال يۈز بەرگەنىدى.

1992 ـ يىلى 1 ـ ئايدا، يۇگوسلاۋىيە پارچىلانغاندا، ئالتە جۇمهۇرىيەت ئۇنىڭ ئورنىنى ئالغان بولۇپ، شۇلاردىن بىرى سېربىيە ئىدى.

كوسوۋو سېربىيەنىڭ چېگراسى ئىچىدىكى بىر ئۆلكە بولسىمۇ، ئەمما ئۇ يەردە خېلىلا يۇقىرى دەرىجىلىك ئاپتونومىيەدىن بەھرىمەن بولىدىغان، سېربلاردىن پەرقلىق مىللەت (ئالبانلار) ياشايتتى.

شۇ ۋەجىدىن، كوسوۋونىڭ مۇستەقىل بولۇشى سېربىيەنىڭ چېگراسىنى ئۆزگەرتىپ، زېمىن پۈتۈنلۈكى پىرىنسىپىغا خىلاپلىق قىلغانلىق بولاتتى.

«خەلقئارالىق جەمئىيەتنىڭ دەسلەپكى ئىنكاسى <كوسوۋو ئىچكى قىسمىدا (يەنى سېربىيەدىن ئايرىلمىغان ئاساستا) ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش هوقۇقىغا ئىگە بولۇشى كېرەك. چۈنكى، ئۇ سېربىيەنىڭ بىر ئۆلكىسى بولغاچقا، باشقا ئىتتىپاقداش جۇمهۇرىيەتلەرگە ئوخشاش مۇستەقىل بولۇش هوقۇقىغا ئىگە ئەمەس> دېيىشتىن ئىبارەت بولغانىدى. نەتىجىدە، كوسوۋولىقلار تىنچ ئۇسۇلدا مۇستەقىللىققە ئېرىشەلمەيدىغانلىقىنى هېس قىلغاچقا، (قوراللىق) قوزغىلاڭ كۆتۈردى» دەيدۇ دوكتور كېر ـ لىندسېي.

كوسوۋولىقلار بىلەن سېربىيە دائىرىلىرى ئارىسىدىكى قوراللىق توقۇنۇش 1999 ـ يىلى شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ هەربىي مۇداخىلىسى بىلەن ئاياغلاشتى.

ئاندىن، 2008 ـ يىلىغا كەلگەندە، كوسوۋو ئۆز ئالدىغا مۇستەقىللىق جاكارلىدى.

سېربىيە بۇ قىلمىشنى ئىناۋەتسىز دەپ قاراپ، ب د ت نىڭ خەلقئارالىق قانۇنىي ئىختىلاپلار توغرىسىدا ھۆكۈم چىقىرىدىغان سوتىغا، يەنى «خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوتى»غا ئەرز سۇندى.

«ئۇلارنىڭ ئالدىغا تاشلانغىنى <كوسوۋونىڭ مۇستەقىللىق جاكارى ئومۇمىي خەلقئارا قانۇنلارغا خىلاپمۇ ـ يوق؟> دېگەن سوئال ئىدى. دەرۋەقە، سوت مەھكىمىسىمۇ <خەلقئارا قانۇندا مەلۇم بىر زېمىن (دىكى خەلق) مۇستەقىللىق جاكارلىسا بولمايدۇ> دەيدىغان بەلگىلىمە يوق، دېدى» دەيدۇ دوكتور كېر ـ لىندسېي.

ھالبۇكى، بۇ قانداقتۇر قانۇنىي ئۇقۇم مەسىلىسى بولۇشتىن بەكرەك، كوسوۋونىڭ دۆلەتلىك سالاھىيىتىنىڭ ئېتىراپ قىلىنىش ـ قىلىنماسلىق مەسىلىسى ئىدى.

«ب د ت غا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ تەڭدىن تولىسى كوسوۋونى ئېتىراپ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ب د ت بىر تەشكىلات سۈپىتىدە ئۇنى ئۇنى ئىگىلىك ھوقۇقلۇق دۆلەت دەپ ئېتىراپ قىلمىغاچقا، ئۇنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقلۇق دۆلەت ئىكەنلىكى تا ھازىرغىچە ئېتىراپ قىلىنماي كەلدى» دەيدۇ ئۇ يەنە.

بۇ خىل قىسمەن ئېتىراپ كوسوۋونىڭ «دۆلەت» سۈپىتىدە دۇنيا بانكىسىدىن ۋە خەلقئارا پۇل فوندىدىن قەرز ئېلىش، شۇنداقلا خەلقئارالىق ئولىمپىك كومىتېتىغا ئەزا بولۇش قاتارلىق بەزى «ئىمتىيازلار»غا نائىل بولۇشىغا ئىمكانىيەت ياراتتى.

### كۈچلۈك قوللىغۇچىلار

ئامېرىكا كلېۋېلاند شىتاتلىق ئۇنىۋېرسىتېتىدا خەلقئارا قانۇندىن دەرس بېرىدىغان پروفېسسور مىلېنا ستېريو (Milena Sterio) شۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر باشقىلارنىڭ، جۈملىدىن كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ قوللىشى بولمىسا، مەلۇم بىر خەلقنىڭ مۇستەقىل بولۇپ، دۆلەت قۇرغانلىقىنى جاكارلىيالىشى ئىمكانسىز».

ئۇنداقتا، قانداق قىلغاندا كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ؟

شەرقىي تىمور تاكى 1960 ـ يىللىرى ھىندونېزىيەنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچرىغانغا قەدەر، پورتۇگالىيەنىڭ مۇستەملىكىسى ئىدى.

ئەمما، ھىندونېزىيە سوغۇقچىلىق ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئامېرىكانىڭ مۇھىم ئىتتىپاقداشلىرىدىن بىرى بولغاچقا، ئەينى چاغدا شەرقىي تىمورلۇقلارنىڭ مۇستەقىللىق مۇجادىلىسى ھېچقانچە قوللاشقا ئېرىشەلمىگەنىدى.

1990 ـ يىللاردا سوغۇقچىلىق ئۇرۇشى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، خەلقئارا جەمئىيەت دىققەت نەزىرىنى قايتىدىن شەرقىي تىمورغا ئاغدۇردى. ھالبۇكى، بۇ چاغدا (سوۋېت ئىتتىپاقى باشچىلىقىدىكى) كوممۇنىزم

**لاگېرى غۇلاپ چۈشكەچكە، غەرب دۆلەتلىرىنىڭ ھىندونېزىيەدىن ئىبارەت بۇ «ئىتتىپاقداش»قا ئېھتىياجى قالمىغانىدى.**

**«ماھىيەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، شەرقىي تىموردىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرى (ئۆزلىرىنى <كىشىلىك ھوقۇقنىڭ ھامىيسى> دەيدىغان) غەرب ئەللىرىنى تەڭقىسلىقتا قويغانىدى. شۇڭا ئۇلار كەينىگە چېكىنىپ، <ئى شەرقىي تىمور خەلقى، ئەمدى كىچىكتۈرۈلگەن ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقۇڭلارنى ئىشقا سالساڭلار بولىدۇ> دېيىشتى» دەيدۇ پروفېسسور ستېرىيو.**

**1999 ـ يىلى شەرقىي تىمورلۇقلار مۇستەقىللىق ئۈچۈن بېلەت تاشلاشتى ۋە 2002 ـ يىلى مۇستەقىللىققە ئېرىشتى.**

**لېكىن، بۇ جەرياندىكى زوراۋان قالايمىقانچىلىقلار سەۋەبلىك، ب د ت سىياسىي جەھەتتىن، خەلقئارا تىنچلىق ساقلاش قىسىملىرى ھەربىي جەھەتتىن مۇداخىلە قىلىشقا مەجبۇر بولدى.**

**ھالبۇكى، ئىسپانىيەدىكى ئەھۋال بۇنىڭدىن بەكلا پەرقلىق.**

**گەرچە مەۋجۇت خەلقئارالىق قانۇن پىرىنسىپلىرىغا بىنائەن، كاتالونىيەلىكلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى بار بولسىمۇ، ئەمما نۆۋەتتىكى قانۇنشۇناسلار ئىسپانىيەنىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكىنى قوغداش ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەنلىكى سەۋەبلىك، كاتالونىيەلىكلەرنىڭ مۇستەقىللىق ئەمەس، پەقەت ئاپتونومىيەلا تەلەپ قىلالايدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈۋاتىدۇ.**

**«ئىشنىڭ قىزىقارلىق تەرىپى شۇكى، ئىسپانىيە كوسوۋونىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلمىغان غەرب دېموكراتىك دۆلەتلىرىنىڭ بىرىدۇر. چۈنكى، ئۇلار مۇستەقىللىق ئۈچۈن بۇ خىل ئۇلگە تىكلەنگەن تەقدىردە، كاتالونىيەنىڭ ئىسپانىيەنىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكىگە تەھدىت سېلىشىدىن قورقىدۇ» دەيدۇ پروفېسسور ستېرىيو.**

**گەرچە كۇردلارنىڭ ئەھۋالى بەكلا پەرقلىق بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارمۇ چوڭ دۆلەتلەرنىڭ قوللىماسلىقىدىن ئىبارەت مەسىلىگە دۇچ كېلىدۇ.**

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى

**مەنبە:**

https://www.bbc.com/news/world-40803430



# پەرزەنتىڭىزنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق تەۋسىيەلەر

ئەلسا سولتىر

# پەرزەنتىڭىزنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق تەۋسىيەلەر

ئەلىسا سولتېر

شۇنىسى تەبىئىيكى، ئاتا ـ ئانىلار پەرزەنتىنىڭ تەپەككۇر يۈرگۈزۈش ۋە (يېڭى شەيئىلەرنى) ئۆگىنىش ئىقتىدارىنى كۆچەيتىشكە تۆرتكە بولىدىغان مۇھىت يارىتىشنى ئويلايدۇ. تەتقىقاتلار ئاتا ـ ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ زېھنىي قابىلىيىتىگە ناھايىتى كۈچلۈك تەسىر قىلالايدىغانلىقىنى كۆرسەتمەكتە. ئۆي مۇھىتى بالىلارنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى قېزىشتا ئاچقۇچلۇق رول ئوينىيالايدۇ.

ئاتا ـ ئانىلارنىڭ مېھىر ـ شەپقىتى بالىلارنىڭ زېھنىي قابىلىيىتىنىڭ كۈچىيىشىگە تۆرتكە بولىدۇ (بايلېر ۋە شېيفېر، 1964). بۇنىڭ ھەيران قالغۇدەك يېرى يوق، ئەلۋەتتە. ئۆزلىرىنى بىخەتەر ھېس قىلغان ۋە (ئاتا ـ ئانىسى تەرىپىدىن) ياخشى كۆرۈلگىنىگە قەتئىي ئىشىنىدىغان بالىلار (مېھىر ـ مۇھەببەتكە قانمىغان بالىلاردەك) ھەرۋاقىت ئاساسىي ھېسسىي ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇشنىڭ كويىدا يۈرمىگەچكە، ئەتراپىدىكى شەيئىلەرنى تېخىمۇ بەك بايقىيالايدۇ ۋە ئاسانلا يېڭى شەيئىلەرنى ئۆگىنىشكە زېھنىنى مەركەزلەشتۈرەلەيدۇ.

ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالا باشقۇرۇش مېتودىمۇ بالىلارنىڭ زېھنىي قابىلىيىتىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. مۇستەبىتلەرچە بالا باشقۇرۇش مېتودى ۋە جازالار زېھنىي قابىلىيەتنىڭ يېتىلىشىگە توسقۇنلۇق قىلىدۇ (باۋمرىند، 1971). يەنە بىر تەرەپتىن، ئاتا ـ ئانىلار ئۆزلىرى يولغا قويغان چەكلەش تەدبىرلىرىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق، بالىلارنىڭ مەنتىقىسىنى غىدىقلايدىغان باشقۇرۇش مېتودىنى قوللانسا، بالىلارنىڭ تەپەككۇر قىلىش قابىلىيىتى ئاشىدۇ (رادىن، 1970).

«ماختاش بالىلارنى ئۆگىنىشكە قىزىقتۇرۇش ۋە ئۆز قابىلىيىتىگە ئىشىنىشكە ئۈندەشتە كۆڭۈلدىكىدەك مېتودتۇر» دېگەن كۆز قاراش كىشىلەر ئارىسىدا ئومۇملاشقان. ھالبۇكى، بەزى ماختاش شەكىللىرىنىڭ كۆتۈلگەنىنىڭ دەل ئەكسىچە نەتىجە بېرىپ، باشقىلارنىڭ ئېتراپىغا زىيادە باغلىنىپ قېلىشقا ۋە ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىنىڭ تۆۋەنلىشىگە سەۋەب بولۇشى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. ماختاش بالىنىڭ جاسارىتىنى سۇندۇرغۇچى ئامىل بولۇپ قېلىشى، ھەتتا بالا تەرىپىدىن (ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىغا مەلۇم بىر ئىشنى قىلغۇزۇش جەھەتتىكى) تىزگىنلەش ئۇرۇنۇشى دەپ قارىلىشى مۇمكىن (ھېتىز ۋە دىرىسكول، 1988). بالىنىڭ ئىپادىسىگە قارىتا، (بۇنى ھەجەپ ياخشى قىپسەن، دېگەندەك) قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىنىڭ قىممىتىگە باھا بېرىشنىڭ ئورنىغا، ئۇنى رىغبەتلەندۈرىدىغان، نەتىجىگە ئەمەس، بەلكى جەريانغا ۋە بالىنىڭ تىرىشچانلىقىغا مەركەزلەشكەن ماختاش ئۇسۇلىنى قوللىنىش كېرەك.

باھالارنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدىغان قايتۇرما ئىنكاسلار باللارنىڭ ئۆزلىرىدىكى ئىلگىرىلەشلەرنى كۆرۈپ يېتىشىگە ئىمكانىيەت يارىتىدۇ ۋە باللارنىڭ بىر ـ بىرىگە سېلىشتۇرۇلۇشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

بالا يېڭى بىر ئىش قىلغاندا، مەسىلەن مەلۇم تۈردىكى قۇراشتۇرۇش ئويۇننى تاماملىغاندا، «غەلىبە قىلدىڭ!»، «چوقۇم ئۆزۈڭدىن پەخىرلىنىۋاتىسەنغۇ دەيمەن!»، «بۇ ھازىرغا قەدەر سەن تاماملىغان ئەڭ قىيىن قۇراشتۇرۇش ئويۇنى ئىدى» دېگەندەك باھالارنى بەرسىڭىز بولىدۇ. پەرزەنتىڭىز ئۆزى سىزغان بىر پارچە مەنزىرە رەسىمنى پەخىرلىنىش ئىلكىدە سىزگە كۆرسەتكىنىدە، رەسىم (يەنى نېمىلەرنى سىزغانلىقى، نېمىشقا سىزغانلىقى دېگەندەكلەر) توغرىسىدا چۈشەنچە بېرىشنى تەلەپ قىلىپ، ئاندىن ئۇنىڭ سۆزلىرىنى زەن قويۇپ ئاڭلىسىڭىز، ئۇ رەسىمدە ئىشلەتكەن پەرقلىق رەڭلەرنى بايقىۋالغانلىقىڭىزنى ئېيتسىڭىز، ياكى رەسىمنىڭ سىزگە قانداق تۇيغۇ بەرگەنلىكىنى ئېيتسىڭىزمۇ بولىدۇ (مەسىلەن، «بۇ رەسىم ماڭا پىژغىرىم ياز كۈنلىرىنى ئەسلەتتى» دېگەندەك). باللار ئۆز ئۇتۇقلىرىنىڭ بايقىلىشىغا ۋە ئېتىراپ قىلىنىشىغا موھتاج، ئەمما ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشىنىڭ «نەتىجىسى»گە قارىتا ھۆكۈم پىچىشنىڭ ئۇلارغا ھېچبىر پايدىسى يوق.

ئۆيدە غىدىقلىغۇچى ماتېرىياللارنىڭ بولۇشى زېھني قابىلىيەتنىڭ كۈچىيىشىگە تۈرتكە بولىدىغان يەنە بىر ئامىلدۇر. غىدىقلىغۇچى ئۆي مۇھىتىدا ياشىغان باللارنىڭ زېھني قابىلىيەت سىناقلىرىدا غىدىقلاش كەمچىل مۇھىتتا ياشىغان باللاردىن يۇقىرى نومۇر ئالغانلىقى بايقالغان (برەدلېي ۋە كالدۋېل، 1976).

كىچىك باللار يېڭى ماھارەتلەرنى ئۆگىنىش جەريانىدا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپلا تۇرىدۇ. بىرەر شەيئىنى ھەقىقىي مەنىدە ئۆگىنەلەش ۋە تەپەككۇر قابىلىيىتىنىڭ كۈچىيىشى ئۈچۈن، باللار ئۆزلىرىدىكى بۇ خىل مەغلۇبىيەت تۇيغۇسىنى يەڭمىسە بولمايدۇ. مەغلۇبىيەتتىن بەكرەك، ئۇتۇقنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان مۇھىت بەرپا قىلىش ئارقىلىق، باللارنىڭ ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. مەسىلەن، پەرزەنتىڭىز پېچىنە پىشۇرۇشىڭىزغا ياردەملەشكەندە، كېرەكلىك خۇرۇچلارنى ئاسان ئۆرۈلۈپ كەتمەيدىغان قاچىلارغا قويسىڭىز بولىدۇ. ئايىغىنىڭ بوغقۇچىنى ئۆزى چىگىشنى ئۆگىنىۋاتقان باللار دەسلەپتە نورمالدىكىدىن ئۇزۇنراق بوغقۇچقا موھتاج بولىدۇ. بالا ئۆزىگە نىسبەتەن تولىمۇ قىيىن بولغان بىر ئىشنى قىلىشقا ئۇرۇنسا ئۇنىڭغا ياردەم قولىنى سۇنۇشنىڭ، قىلماقچى بولغان ئىشنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىشنىڭ ياكى ئۇنى تېخىمۇ رېئال بىر ئىشقا باشلاپ قويۇشنىڭ پايدىسى بار.

بۇ مەزگىلدە، ھەرقانداق تەدبىر قوللىنىلىشىدىن قەتئىينەزەر، مۇكەممەل ۋە قابىلىيەتلىك ئادەم بولۇشقا تىرىشقان بالىنىڭ بىر تالاي خاتالىقلارنى سادىر قىلىشىدىن ياكى تۇسالغۇلارغا ئۇچراپ، ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىشىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. ئىلگىرىمۇ ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ، ئۈمىدسىزلىنىپ كەتكەن باللارنىڭ يىغلاش ياكى ئاچچىقلىنىش ئارقىلىق ئىچنى بوشىتىۋېلىش جەھەتتە ئاتا ـ ئانىلارنىڭ سەبىر قىلىشىغا ۋە چۈشىنىشىگە ئېھتىياجى بار. گاھىدا باللارنىڭ روياپقا چىقارماقچى بولغان ئىشنى قىلالىشى ئۈچۈن ئاشۇ خىل ئىپادىلىۋېلىش (ئىچنى بوشىتىۋېلىش) پۇرسىتىگە ئېھتىياجى بار.

(بۇنداق چاغلاردا) باللارنىڭ يىغلىشىنى توسۇشنىڭ ئانچە كۆپ پايدىسى يوق. چۈنكى، بالا بۇ ۋاقىتتا قاتتىق ئۈمىدسىزلەنگەن بولغاچقا، ئاشۇ ھېسسىياتىنى ئىپادىلەشكە موھتاجدۇر.

ئۈمىدسىزلىك ۋە مەغلۇبىيەت تۇيغۇسى باللارنى ئىچىدە جۇغلىنىۋەرسە، ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىنىڭ تۆۋەنلىشىگە، ياكى بىر نەرسە ئۆگىنىۋاتقاندا توغرا تەپەككۇر قىلالماسلىقىغا يول ئېچىشى مۇمكىن. تۆۋەندىكى مىسالدا، ئۈچ ياشلىق بىر ئوغۇل بالىنىڭ يېڭى نەرسىلەرنى ئۆگىنىشكە بولغان ئىستەكسىزلىكى سۆزلەنگەن. بالىنىڭ بۇ خىل ئىستەكسىزلىكى شۇنىڭدىن ئىلگىرى مەغلۇبىيەت بىلەن نەتىجىلەنگەن ئۆگىنىش ئۇرۇنۇشلىرىدا باشتىن كەچۈرگەن (سەلبىي) تۇيغۇلىرىدىن مەنبەلەنگەنىدى. دادىسى بۇ بالىنىڭ ئاشۇ خىل تۇيغۇلىرىنى يېڭىشكە قانداق ياردەم قىلىدىغانلىقى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

ئوغلۇم تۆگمىلىك كۆڭلىكىنى ئۆزى كىيەلمىگەنلىكىنى ئېيتىپ، يىغلاشقا باشلىدى. كۆڭلەكنى كىيىشكە ئۇرۇنۇپ باقماستىن، بېشىنىڭ ئۈستىدە تۇتۇپ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم ـ دە، كۆڭلەكنى كىيەلەيدىغانلىقىغا ئىشەنچىم بولغاچقا، ياردەم قىلىشقا ئالدىرىماستىن، ئۆزىنى سىناپ بېقىشقا ئۈندىدىم. 15 مىنۇت توختىماي يىغلىغاندىن كېيىن، ھېچقانچە قىينالمايلا كۆڭلىكىنى كىيەلىدى. بۇنىڭدىن ئۆزىمۇ قالتىس پەخىرلىنىپ كەتكەنىدى. بۇ يېڭى «ھۈنىرى»نى كۆرسىتىش ۋە قايتا سىناپ كۆرۈش ئۈچۈن، كۆڭلىكىنى تەكرار ـ تەكرار سېلىپ ـ كىيىشكە باشلىدى.

كۆپىنچە ھاللاردا، ئۆگىنىش مۈشكۈلاتلىرىنىڭ يىلتىزىدا، باللار دۇچ كەلگەن، ئەمما ئىپادىلەشتىن ۋە تەھلىل قىلىشتىن ئاجىز كەلگەن، ئادەمنى قايمۇقتۇرىدىغان ۋە بىئارام قىلىدىغان تەجرىبىلەر ياتىدۇ (ۋېيسگلەس، 1987). پەۋقۇلئاددە ئەھۋاللاردا، بەزى باللار تولىمۇ ئېغىر سوزۇلما بېسىمغا دۇچ كەلگەن ۋە بۇ خىل (پاسسىپ) تۇيغۇلار شۇ قەدەر جۇغلىنىپ كەتكەنكى، ئۇلار دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈش ۋە زېھنىي كۈچ تەلەپ قىلىدىغان ئەھۋاللارغا قىزىقىش ئىقتىدارىنى يوقاتقان. ئۇلارنىڭ پۈتۈن دىققىتى ئۆز تۇيغۇلىرىغا مەركەزلىشىپ قالغاچقا، شۇنىڭدىن باشقىغا زېھىن ئاجرىتالماس بولۇپ قالغان. «دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈش توسقۇنلۇقى» دەپ ئىسىم قويۇلغان بۇ مەسىلىگە دۇچ كەلگەن باللارغا ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلىشىگە رۇخسەت قىلىنغان پىسخىك داۋالاش ئۇسۇلى ئارقىلىق ياردەم قىلغىلى بولىدۇ (ئوكلاندېر، 1978).

بارلىق بىئارامچىلىقلىرىنى ئوچۇق ئىپادىلىشىگە رۇخسەت قىلىنغان باللار مۇكەممەل ئۆگىنىش ۋە تەپەككۇر قىلىش قابىلىيىتىگە ئىگە بولۇپ، ئۇلار بۇ قابىلىيىتى ئارقىلىق باشقىلارنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرالايدۇ. پىسخىك داۋالاشلارنى (بۇ باللارنىڭ ئۆزىگە ھېسداشلىق قىلىدىغان ئاڭلىغۇچىغا ئۆز ھېسسىياتلىرىنى ئىپادىلىۋېلىشىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) تاماملىغان باللارغا قارىتىلغان ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈشتە، ئۇلارنىڭ دىققىتىنى ناھايىتى ياخشى مەركەزلەشتۈرەلەيدىغان بولغانلىقى ۋە بەزى ساھەلەردە تولىمۇ قالتىس

نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەنلىكى بايقالغان. پىسخىك داۋالاشنى يېڭى باشلىغان، ئەمما تېخى تاماملىمىغان بالىلارغا سېلىشتۇرغاندا، (داۋالاشنى تاماملاپ بولغان) بۇ بالىلارنىڭ ھەم كۆپ قىرلىق، ھەم ئاكادېمىك ۋە ئىجتىمائىي قابىلىيەتلىرىنىڭ تېخىمۇ مۇكەممەل ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان (ئېمېرسون، 1989). بىئارامچىلىق سەۋەبلىك پىسخىكىسى بۇزۇلمىغان بالىلارنىڭ مېڭىسى ۋە بەدىنى ئۆز فۇنكسىيەسىنى ئەڭ يۇقىرى چەكتە جارى قىلدۇرالايدۇ. ھامان بىر كۈنى «نورمال» ياكى «ئوتتۇراھال»لىق توغرىسىدىكى كۆز قاراشلىرىمىزنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر بولىمىز، چۈنكى ھەرقانداق بالا بۇگۈن «قالتىس» دېيىلگۈدەك سەۋىيەگە يەتكۈدەك يوشۇرۇن كۈچكە ئىگىدۇر.

خۇلاسە كالام، زېھنىي قابىلىيەتنىڭ ئەڭ ياخشى تەرەققىي قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، بالا تۇغۇلغاندىن تارتىپ، ئائىلىدە تۆۋەندىكى خىلمۇخىل ئامىللار ھازىرلانغان بولۇشى كېرەك: مېھىر-شەپقەتكە تولغان ۋە ھە دېگەندە بالىنى جازالىمايدىغان ئائىلە مۇھىتى؛ بالىلاردىكى ئىلگىرىلەشلەرگە نەتىجىنىلا ئەمەس، جەرياننى نەزەردە تۇتقان ھالدا باھا بېرىش ۋە ئېتىراپ قىلىش؛ مۇۋاپىق غىدىقلىغۇچى؛ بالىنىڭ يېغىلىشىغا ۋە ئاچچىقلىنىشىغا يول قويۇلغان مۇھىت.

ھېلىھەم بالىڭىز ئۈچۈن ئەڭ ياخشى مۇھىت بەرپا قىلالمىغان تەقدىردىمۇ، جىددىيلىشىپ كەتمەڭ. چۈنكى، پايدىلىق ئۆزگىرىشلەرنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن ھېچقاچان كېچىككەن ھېسابلانمايسىز. ئىنساننىڭ مېڭىسى پەۋقۇلئاددە ئېلاستىكلىققا ئىگە ۋە چىداملىقتۇر. بالىلار دەسلەپكى مەزگىلدە باشتىن كەچۈرگەن بىئارامچىلىق ۋە غىدىقلىغۇچى كەملىكىدىن مەنبەلەنگەن مەسىلىلەرنى (يۇقىرىدا بايان قىلىنغان تەدبىرلەر ئارقىلىق) يېڭىپ كېتەلەيدۇ.

ئەلىسا سولتېر يازغان «بالىڭىزغا قۇلاق سېلىڭ» ناملىق ئەسەردىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى




# خىتاينىڭ «بىر بەلباغ بىر يول قۇرۇلۇشى» ۋە قەرز سىياسىتى

# خىتاينىڭ «بىر بەلباغ بىر يول قۇرۇلۇشى» ۋە قەرز سىياستى

«دىپلومات» ژۇرنىلىدىكى مېرسىي كۆونىڭ «AidData» مالىيە تەتقىقات مەركىزىنىڭ مۇدىرى بىرەد پاركس بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبىتى

**«AidData»نىڭ يېقىنقى مەزگىلدىكى «بىر بەلباغ، بىر يول» دەۋرىدىكى خىتاينىڭ چەتئەللەرگە بەرگەن قەرزى توغرىسىدىكى دوكلاتىدىكى ئۈچ ئاساسلىق نۇقتا قايسىلار؟**

بىرىنچىدىن، «بىر بەلباغ، بىر يول» تەشەببۇسى ئېلان قىلىنغاندىن بۇيان، خىتاينىڭ چىقىمى ئامېرىكانىڭكىدىن 2:1 نىسبەتتە ئېشىپ كەتتى. ئەمما، بۇ باشقا دۆلەتلەرگە بېرىلگەن ياردەم سەۋەبلىك ئەمەس، بەلكى قەرز سەۋەبلىك بولدى. خىتاينىڭ باشقىلارغا بەرگەن قەرز ئۆلارغا بېرىلگەن (ئاتالمىش) ياردەمنىڭ 31 ھەسسىسىگە توغرا كېلىدۇ. بۇ قەرزلەرنىڭ كۆپىنچىسى سودا ئۆسۈم نىسبىتىدە ياكى شۇنىڭغا يېقىن (يەنى ئىنتايىن يۇقىرى) نىسبەتتە بېرىلمەكتە.

ئىككىنچىدىن، بىز [قەرز ئالغۇچى] ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ھېساب بىلەن ئۆز دۆلەت ئىچى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ (GDP) 5.8 پىرسەنتىگە تەڭ كېلىدىغان، خىتايغا بولغان ئەمەلىي ۋە يوشۇرۇن قەرزلىرىنى تۆۋەنلىتىپ دوكلات قىلىۋاتقانلىقىنى بايقىدۇق.

ئۈچىنچىدىن، «بىر بەلباغ، بىر يول»غا ئىشتىراك قىلغان دۆلەتلەردە «سېتىۋالغۇچىنىڭ پۇشايمىنى» (buyer's remorse) ئالامەتلىرى كۆنسېرى كۈچەيمەكتە. «بىر بەلباغ، بىر يول» ئۇل مۇئەسسەسە تۈرىنىڭ 35 پىرسەنتى چىرىكلىك سەتچىلىكى، ئىشچىلارنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىنى دەپسەندە قىلىش، مۇھىت بۇزغۇنچىلىقى ۋە ئاممىۋى نارازىلىق قاتارلىق ئاساسلىق ئىجرائات مەسىلىلىرىگە دۇچ كەلدى ۋە شۇ سەۋەبلىك تۈرلەرنىڭ توختىتىلىش ۋە ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇش ئەھۋاللىرى كۆنسېرى كۈچىيىۋاتىدۇ.

**ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن كىرىملىك دۆلەتلەر خىتايغا زادى قانچىلىك قەرزدار؟ بېيجىڭ (بۇ دۆلەتلەرنىڭ) قەرز قايتۇرالماسلىق خەۋپىنى قانداق تىزگىنلەيدۇ؟**

خىتاينىڭ قەرز يۈكى ئىلگىرىكى مۆلچەرلەردىكىدىنمۇ خېلى بەكلا ئېغىر. ھازىر ئوتتۇرا، تۆۋەن كىرىملىك 42 دۆلەتنىڭ خىتايغا بولغان ھۆكۈمەت قەرزى ئۆز GDP سىنىڭ ئون پىرسەنتىدىن ئېشىپ كەتتى.

خىتايدىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى قەرز بەرگۈچى (بانكا)لەر (قەرزدارلارنىڭ) قەرز قايتۇرالماسلىق خەۋپىنى تىزگىنلەش ئۈچۈن تېخىمۇ كۈچلۈك كاپالەت تەدبىرلىرىنى يولغا قويماقتا. 2000 ـ يىللارنىڭ بېشىدا، خىتاينىڭ چەتئەلدىكى قەرز مەبلىغىنىڭ تەخمىنەن ئوتتۇز پىرسەنتى رەنە بۇيۇم، ئۈچىنچى تەرەپ قايتۇرۇش كاپالىتى ياكى كرېدىت سۇغۇرتىسىغا تاييناتتى. «بىر بەلباغ، بىر يول» تەشەببۇسى دەۋرىدە بۇ سان شىددەت بىلەن ئېشىپ، ئاتمىش پىرسەنتكە يېقىنلاشتى.

خىتاي ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان خەتەرنى تۆۋەنلىتىش قورالى ـــ «رەنە قويۇش»تۇر. خىتاينىڭ دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدىكى بانكىلىرى چەتئەلدىكى قەرز ئالغۇچىلارغا بەرگەن ئەڭ كۆپ ئەللىك قېتىملىق قەرزنىڭ قىرىقىدا تۇرلۇك مۇلۇكلەر رەنىگە قويۇلغان. لېكىن، «خىتاينىڭ دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدىكى بانكىلىرى پورت ۋە ئېلېكتر تورى قاتارلىق دەرھال نەق پۇلغا ئايلاندۇرغىلى بولمايدىغان، رېئال مۇلۇكلەرنى رەنىگە ئېلىشقا مايىل. ئۇلار بۇ ئارقىلىق قارشى تەرەپ قەرزنى ۋاقتىدا قايتۇرمىغان ئەھۋالدا بۇ مۇلۇكلەرنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالالايدۇ» دېگەن قاراش تاراتقۇلاردا ئېقىپ يۈرگەن ئەپسانىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئەمەلىيەتتە خىتايدىكى قەرز بەرگۈچىلەر بۇنىڭدىنمۇ زېرەك. (يۇقىرىدىكى قاراشنىڭ ئەكسىچە) ئۇلار قەرز بەرگەندە، دەرھال پۇلغا ئايلاندۇرۇپ ئېلىپ كەتكىلى بولىدىغان مۇلۇكلەرنى رەنىگە ئېلىشقا مايىل. ئادەتتە، ئۇلار قەرز ئالغۇچىدىن چېگرا سىرتىدىكى، قەرز بەرگۈچى كونترول قىلىدىغان بانكىدىكى ھېساباتتا ئەڭ تۆۋەن نەق پۇل قالدۇقىنى ساقلاشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەگەر قەرز ئالغۇچى قەرزنى ۋاقتىدا قايتۇرمىسا، خىتاينىڭ دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدىكى بانكىلىرى سوتقا ئەرز قىلىپ، ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن قەرزنى ئېلىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلماستىن دەرھال ئاۋارە بولۇپ يۈرمەستىن، قارشى تەرەپنىڭ بانكا ھېساباتىدىكى مەبلەغنى بىۋاستە تۇتۇپ قالالايدۇ.

خىتاينىڭ دوكلات قىلىنمىغان 385 مىليارد دوللار قەرزى توغرىسىدىكى مۆلچەرىڭىزنى شەرھلەپ ئۆتكەن بولسىڭىز.

«بىر بەلباغ، بىر يول» تەشەببۇسى يوشۇرۇن قەرزنىڭ ئېشىشى ۋە ھۆكۈمەت قەرزىنىڭ تۆۋەنلىشى توغرىسىدىكى ھېكايىدۇر. «بىر بەلباغ، بىر يول» تەشەببۇسى باشلىنىشتىن ئىلگىرى، خىتاينىڭ چەتئەللەرگە بەرگەن قەرزلىرىنىڭ كۆپىنچىسى مەركىزىي ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرىغا (يەنى ئىگىلىك ھوقۇقلۇق قەرزدارلارغا) بېرىلگەندى. ھالبۇكى، نۆۋەتتە خىتاينىڭ چەتئەللەرگە بەرگەن قەرزلىرىنىڭ يەتمىش پىرسەنتكە يېقىن قىسمى (چەتئەللەردىكى) دۆلەت كارخانىلىرىغا، دۆلەت ئىلكىدىكى بانكىلارغا، خاس

مۇددىئالىق شىركەتلەرگە، بىرلەشمە كارخانىلارغا ۋە خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى ئورگانلارغا بېرىلمەكتە. كۆپىنچە ئەھۋاللاردا، ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن كىرىملىك دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمەت كىرىم - چىقىم جەدۋىلىدە بۇ قەرزلەر كۆرسىتىلمەيدۇ. ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى شۇ دۆلەت ھۆكۈمىتىنىڭ يوشۇرۇن ياكى ئوچۇق رەۋىشتىكى قانۇنىي جاۋابكارلىق كاپالىتىدىن مەنپەئەتلەنىدى ۋە شۇ سەۋەبلىك ھۆكۈمەت قەرزى بىلەن شەخسىي قەرزنىڭ پەرقى خىرەلەشتى.

دوكلاتىمىزدا يەنە 1951 - يىلىدىن تارتىپ ئىگىلىك ھوقۇقلۇق قەرز ئالغۇچىلارنىڭ ئەمەلىي ۋە يوشۇرۇن قەرزلىرىنى ئۆز ئىختىيارى بىلەن سىرتقى ھەقدارلارغا ئاشكارىلاشتىكى ئاساسلىق مېخانىزم بولۇپ كەلگەن دۇنيا بانكىسىنىڭ قەرزدارلارنى دوكلات قىلىش سىستېمىسى (DRS) ئىنچىكە تەتقىق قىلىندى. بىز تۆۋەن كىرىملىك ۋە ئوتتۇراھال كىرىملىك دۆلەتلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ خىتايغا بولغان قەرزلىرىنى DRS سىستېمىسغا 385 مىليارد تۆۋەنلىتىپ دوكلات قىلغانلىقىنى بايقىدۇق، چۈنكى نۇرغۇن ئەھۋاللاردا ئۇلار قەرز قايتۇرۇش جاۋابكارلىقىنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدىغان ئاساسلىق قەرز ئالغۇچى ئەمەس. ھالبۇكى، بۇ دوكلات قىلىنمىغان قەرزلەر يەنىلا ھۆكۈمەتنىڭ قەرز قايتۇرۇش مەجبۇرىيىتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ، چۈنكى ئاساسلىق قەرز ئالغۇچى ۋەيران بولسا ياكى قەرزنى ۋاقتىدا قايتۇرالمىسا، قەرز قايتۇرۇش مەجبۇرىيىتى مەركىزىي ھۆكۈمەت ئورگىنىغا يۆكلىنىشى مۇمكىن.

جاكارتا - باندۇڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك تۆمۈر يولى (HSR) تۈرى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەردىكى تەدبىر بەلگىلىگۈچىلەر ۋە باج تاپشۇرغۇچىلارنىڭ نېمە ئۈچۈن يوشۇرۇن ئامىلغا قەرز خەۋپىگە دىققەت قىلىشى كېرەكلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ھۆكۈمەت سىرتىدىكى نەق چوت (بالانس) سودىسى ئارقىلىق 5 مىليارد 290 مىليون دوللارلىق بۇ چوڭ تۈرنى مەبلەغ بىلەن تەمىنلەپ، شۇ ئارقىلىق ھۆكۈمەت قەرزىنىڭ يۇقىرى چېكى مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنى ئويلىغان ھىندونېزىيە ھۆكۈمىتى ھۆكۈمەت - خۇسۇسىي شېرىكلىك مۇناسىۋىتى (PPP) ئاساسىدا مەزكۇر تۆمۈر يول قۇرۇلۇشىغا مەبلەغ سېلىشنى قارار قىلغانىدى. شۇنىڭ بىلەن، ھىندونېزىيە ۋە خىتاينىڭ دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدىكى بىر تۈركۈم شىركەتلەر «PT Kereta Cepat Indonesia China» ناملىق خاس مۇددىئالىق شىركەتنى (SPV) قۇردى ۋە «خىتاي دۆلەتلىك تەرەققىيات بانكىسى» (CDB) مەزكۇر خاس مۇددىئالىق شىركەتكە تۆت مىليارد دوللار قەرز بەردى. قالغان بارلىق تۈر خىراجەتلىرىنى مەزكۇر خاس مۇددىئالىق شىركەتنىڭ خوجايىنلىرى پاي ھوقۇقى ئارقىلىق تۆلىشى كېرەك ئىدى. ھىندونېزىيە پرېزىدېنتى جوكوۋىمۇ ھۆكۈمەت مەبلىغىنىڭ بۇ تۈرگە ئىشلىتىلىشىنى چەكلەش توغرىسىدا پەرمان ئىمزالىدى.

لېكىن، بۇ تۈر ئىجرا قىلىنىش جەريانىدا، چىقىم ئەسلى مۆلچەردىكىدىن تەخمىنەن ئىككى مىليارد دوللار ئېشىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن، 2021 - يىلى 10 - ئايدا، پرېزىدېنت جوكوۋى قارارىنى ئۆزگەرتىپ، ھۆكۈمەتنىڭ مەزكۇر تۈرگە مەبلەغ ئاجرىتىشىغا رۇخسەت بېرىش خۇسۇسىدا يېڭى پەرمان چىقاردى. نۆۋەتتە، ھىندونېزىيە ھۆكۈمىتى 2022 - يىلى دۆلەت خەزىنىسىدىن 286 مىليون 700 مىڭ ئامېرىكا

دولـلىرى ئـاجـرتـىپ، مەزكۇر «PT Kereta Cepat Indonesia China» شـىركـىتـىگە مەبـلەغ سېلىشنى پىلانلاۋاتىدۇ.

جاكارتا ـ باندۇڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك تۆمۈر يول تۈرى يوشۇرۇن ئاممۋى قەرز خەۋپىنىڭ مۇھىم بىر نۇقتىسىنى كـىشـىلەرنـىڭ سەمـىگە سـالـىدۇ: دۆلەت بـىلەن خۇسۇسـىيـلار ھەمـكارلاشـقان ئۇل مۇئەسـسەسە تۈرلىرىدە، ساھىبخان دۆلەتنىڭ ھۆكۈمىتى ئادەتتە ئاشكارا بولمىغان، ۋاستىلىك، ھەتتا ئىنتايىن خۇپىيانە رەۋىشتە (قەرز ئالغان شىركەتلەرنىڭ) ۋەيران بولۇش (ۋە شۇ سەۋەبلىك قەرزنى قايتۇرالماسلىق) خەۋپىنى ئۈسـتىگە ئـالـىدۇ. ھىنـدونېزىيە دائـىرىلـىرى ئۆزلـىرىنـىڭ «PT Kereta Cepat Indonesia China» شىركىتىنىڭ قەرزىگە مەسئۇل بولمايدىغانلىقىنى باج تاپشۇرغۇچىلارغا تەكرار ـ تەكرار تەكىتلىدى. بۇ سۆز ئىنتايىن تار مەنىدە توغرا. چۈنكى، پرېزدېنت جوكوۋىنىڭ يېقىندا «PT Kereta Cepat Indonesia China» شىركىتىنى دۆلەت مەبلىغى بىلەن تەمىنلەشكە ھوقۇق بېرىش قارارى مەزكۇر شىركەتنىڭ «خىتاي دۆلەتلىك تەرەققىيات بانكىسى»غا بولغان قەرزنى ھىندونېزىيەنىڭ دۆلەت مەبلىغى ئارقىلىق قايتۇرسا بولىدىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئەمما، پۇلنى خالىغان يەرگە ئىشلەتكىلى بولىدۇ، شۇڭا «PT Kereta Cepat Indonesia China» شىركىتىنىڭ باج تاپشۇرغۇچىلارنىڭ پۇلىدىن (يەنى دۆلەت خەزىنىسىدىن) مەبـلەغـكە ئېرىشـىشـى مەزكۇر شـىركەتـنىڭ قەرز قـايتۇرۇش ـــ ھېچبولـمىغـانـدا ئۆز مۈلـكىنـى نەق پۇلـغا ئـايلانـدۇرۇش ـــ ئـىقتىدارىنى ساقلاپ قېلىشـىغا تۈرتكە بـولـىدۇ ۋە شۇ ئـارقـىلـىق تۆمۈر يـول تۈرىنـىڭ داۋاملىششىغا ئىمكانىيەت يارىتىدۇ. ناۋادا تۆمۈر يول تامامـلانمىسا ھەمدە يېتەرلىك دەرىجىدىكى خېرىدارلار ئۇنى ئىشلىتىش ئۈچۈن پۇل تۆلەشنى خالىمىسا، مەزكۇر شىركەت ئۆزىنىڭ «خىتاي دۆلەتلىك تەرەققىيات بانكىسى»غا بولغان قەرزنى قايتۇرالمايدۇ، شۇڭا ھىندونېزىيە ھۆكۈمىتىنىڭ مەزكۇر شىركەتكە مەبلەغ سېلىش قىلمىشى ئەمەلىيەتتە ۋاستىلىك (يوشۇرۇن) ئاممۋى قەرز شەكلىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. يوشۇرۇن قەرزنى خەزىنىگە كىرگەن ئوغرىغا ئوخشىتىشقا بولىدۇ، ئۇ ھەرگىز ئالدى ئىشىكنى چېكىپ ئۆزىنىڭ كەلگەنلىكىنى جاكارلىمايدۇ. ئەكسىچە، ئۇ ئارقا ئىشىكتىن غىپپىدە كىرىدۇ ۋە بارماق ئىزىنى قالدۇرۇپ قويماسلىققا ئالاھىدە دىققەت قىلىدۇ.

رايون ھالقىغان سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي سۇپا بولغان «بىر بەلباغ، بىر يول» تەشەببۇسى خىتاينىڭ يەر شارىدىكى تەسىرىنى كېڭەيتىشتە قانداق رول ئوينايدۇ؟

خىتاينىڭ رەقىبلىرى ۋە تەنقىدچىلىرى «بىر بەلباغ، بىر يول» تەشەببۇسىنىڭ ئىتتىپاق تۈزۈش، ئۆز تەسـىرىنـى زورايـتىش ۋە خەلـقئارا كۈچ تەڭپۇڭلۇقـىنـى قـايـتىدىن شەكـىللـەنـدۈرۈش جەھەتـتىكـى چوڭ ئىستراتېگىيەنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈشىدۇ. ئەمما، بىز (بۈنىڭدىن سىرت) بېيجىڭنىڭ

چەتئەللەرگە قەرز بېرىش ئارقىلىق، دۆلەت ئىچىدىكى ئىقتىسادىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشۋاتقانلىقىنىمۇ بايقىدۇق.

دۆلەت ئىچىدىكى خىرىسلار، بولۇپمۇ تاشقى پىرىۋوتنىڭ تەمىنلەش ئېھتىياجىدىن ئېشىپ كېتىشى، سانائەت سىلىنمىسى ۋە ئىشلەپچىقىرىش مىقدارىنىڭ زىيادە يۇقىرىلاپ كېتىشى ھەمدە دۆلەت ئىچىدە كەمچىل بولغان تەبىئىي بايلىقلارنىڭ تولۇقلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئېھتىياجى قاتارلىقلار تۈپەيلىدىن، خىتاينىڭ خەلقئارا قەرز بېرىش پروگراممىسى تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيەگە يەتتى. بۇنىڭغا قارىتا، خىتاي بازار ئۆسۈم نىسبىتىدە ياكى شۇنىڭغا يېقىن نىسبەتتە، ئامېرىكا دوللىرى ۋە ياۋرو بىلەن ھېسابلىنىدىغان قەرزنىڭ مىقدارىنى ئاشۇردى؛ شۇنداقلا، چەتئەلدىكى قەرز ئالغۇچىلارنىڭ خىتايدىن (پولات ـ تۆمۈر، سېمونت قاتارلىق) تۈر سېلىنمىلىرىنى سېتىۋېلىشىنى توختاملىغا كىرگۈزدى؛ ھەمدە ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ خىتايغا تەبىئىي بايلىقلارنى ئېكسپورت قىلىشتىن تاپقان پۇللىرى ئارقىلىق قەرز ئېلىشى ۋە قايتۇرۇشىغا يول قويدى.

غەرب ئەللىرى خىتاينىڭ ئۇل مۇئەسسەسە مەبلىغى بىلەن تەمىنلەش جەھەتتىكى «بىرىنچى تاللاش»لىق سالاھىيىتىگە قانداق ئىنكاس قايتۇرۇۋاتىدۇ؟

ئۇل مۇئەسسەسە مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش بازىرىدا پات يېقىندا تېخىمۇ كۆپ تاللاشلار ۋۇجۇدقا چىقىدۇ، بۇ بەلكىم بىر قىسىم دۆلەتلەرنىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول»دىن «مەردانىلارچە» چېكىنىپ چىقىشىغا سەۋەب بولۇشى مۇمكىن. ئامېرىكا، ئەنگلىيە ۋە G7 نىڭ باشقا ئەزالىرى بارغانسېرى «بىر بەلباغ، بىر يول» تەشەببۇسىنىڭ تۆۋەن سۈپەتلىك ئۇل مۇئەسسەسە تاللىشى ئىكەنلىكىنى، ئۆزلىرىنىڭ «تېخىمۇ ياخشى دۇنيانى قايتا قۇرۇش» (B3W) تەشەببۇسىنىڭ بولسا، ئۇل مۇئەسسەسە تۈرلىرىنى سىجىل ۋە ئاشكارا مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش، ياخشى باشقۇرۇش، ئاممىۋى تارماقلار خۇسۇسىي مەبلەغنى سەپەرۋەر قىلىش، يەرلىكلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىش ۋە ھەمكارلىق ئورنىتىش، ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي مۇھىت ئاسراشقا قاتتىق رىئايە قىلىش پرىنسىپىغا ئاساسەن يولغا قويۇشنى ئۈيلايدىغان دۆلەتلەر ئۈچۈن تېخىمۇ سۈپەتلىك تاللاش ئىكەنلىكىنى بارغانسېرى كۆچەپ ئىلگىرى سۈرمەكتە.

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

مەنبە:

/https://thediplomat.com/2021/11/chinas - bri - lending - 385 - billion - in - hidden - debts



# ئەرلەر ساغلاملىقى توغرىسىدا بىلىشىڭىز كېرەك بولغان نۇقتىلار

# ئەرلەر ساغلاملىقى توغرىسىدا زۆرۈر تەۋسىيەلەر

**«healthline» تورىنىڭ مۇھەررىرلەر گۇرۇپپىسى تەرىپىدىن تەييارلىنىپ، مېدىتسىنا پەنلىرى دوكتورى گراھام روگېرس تەرىپىدىن تىببىي نۇقتىدىن تەكشۈرۈلگەن**

**دوختۇرغا كۆرۈنۈشكە ئېرىنمەڭ**

ئەرلەر ئايالللارغا سېلىشتۇرغاندا، دوختۇرغا كۆرۈنمەسلىككە ۋە بەدىنىدىكى بىنورمال ئالامەتلەرنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا مايىل كېلىدۇ. ئەمما، بۇ خىل ئېرىنچەكلىكنىڭ سالامەتلىكنى تەلتۆكۈس كاردىن چىقىرىشىدىن چوقۇم ھەزەر قىلىش كېرەك.

ھەر يىلى چوقۇم سالامەتلىك تەكشۈرتۈپ تۇرۇڭ. دوختۇر بەدەن ئېغىرلىقىڭىز، قان بېسىمىڭىز ۋە قاندىكى خولېستېرىن مىقدارىڭىزنىڭ قايسى سەۋىيەدە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرەلەيدۇ. سېمىزلىك، يۇقىرى قان بېسىم ۋە قاندىكى خولېستېرىن مىقدارىنىڭ يۇقىرى بولۇشى يۈرەك قان تومۇر كېسەللىرىنى پەيدا قىلىدىغان ئامىللاردىنىدۇر. دوختۇر سىزگە تۇرمۇش ئادىتىڭىزنى ئۆزگەرتىش، دورا ئىستېمال قىلىش ياكى باشقا داۋالاش ئۇسۇللىرىنى تەۋسىيە قىلىپ، ئېغىرلىقىڭىزنى، قان بېسىمىڭىزنى ۋە قاندىكى خولېستېرىننى كونترول قىلىشىڭىزغا ياردەم بېرىدۇ.

**تەبىئىي يېمەكلىكلەرنى يەڭ**

ئادەتتە، ئورالغان ۋە پىششىقلاپ ئىشلەنگەن يېمەكلىكلەردە قەنت، تۇز، ساغلام بولمىغان ياغ، سۇنئىي خۇرۇچ ۋە ئىسسىقلىق ئېنېرگىيەسى (كالورىي) كۆپ بولىدۇ. شۇڭا، سۇنئىي يېمەكلىكلەردىن يىراق تۇرۇپ، تۆۋەندىكىلەرنى كۆپ ئىستېمال قىلىشقا تىرىشىڭ:

يېڭى مېۋە ۋە كۆكتاتلار

يىرىك گۈرۈچ ۋە بۇغداي بولكىسى قاتارلىق (ئېزىلمىگەن) پۈتۈن دانلىق مەھسۇلاتلار

پۇرچاقلار ۋە يېشىل يوپۇرماقلىق كۆكتاتلار قاتارلىق مول تالالىق يېمەكلىكلەر

قارا گۆش ۋە ئۆي قۇشلىرى. مەسىلەن، توخۇنىڭ تېرىسىز كۆكرەك گۆشى ۋە ئۇششاق توغرالغان مايسىز كالا گۆشى قاتارلىقلار.

سالمون بېلىقى قاتارلىق بېلىق تۈرلىرى.

## مدىراپ تۆرۈك

يۈرەك كېسىلى ئامېرىكالىق ئەرلەرنىڭ جېنىغا زامىن بولۇۋاتقان ئەڭ ئاساسلىق سەۋەب بولۇپ، قەرەللىك چېنىقىش يۈرەك كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە يۈرەكنى قۇۋۋەتلەشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇللىرىدىن بىرىدۇر. قەرەللىك چېنىقىش ئۆز نۆۋىتىدە سىزنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك جىسمانىي ۋە روھىي ساغلاملىقىڭىزنى ياخشىلاش ۋە ئاسراش رولىغا ئىگە.

ھەر ھەپتىدە كەم دېگەندە 150 مىنۇت ئوتتۇراھال سالماقتا ئوكسىگېنلىق ھەرىكەت ياكى 75 مىنۇت كۈچلۈك سالماقتا ئوكسىگېنلىق ھەرىكەت قىلىشقا تىرىشىڭ. مەسىلەن، ھەر ھەپتىلىك ۋاقىت جەدۋىلىڭىزگە 30 مىنۇتلۇقتىن بەش قېتىم ئوكسىگېنلىق مەشىق ئورۇنلاشتۇرۇڭ. ئوكسىگېنلىق ھەرىكەتلەر پىيادە مېڭىش، ئاستا يۈگۈرۈش، ۋاسكېتبول، تېنىس توپ ۋە باشقا تەنھەرىكەت تۈرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ھەر ھەپتىدە كەم دېگەندە ئىككى قېتىم مۇسكۇل كۈچلەندۈرۈش مەشىقى قىلىشمۇ زۆرۈر. مەسىلەن، ئېغىرلىق كۆتۈرۈش، تاغقا يامىشىش قاتارلىقلار مۇسكۇلىڭىزنى كۈچەيتىشىڭىزگە تۈرتكە بولىدۇ.

## قورساق سېلىۋالماڭ

ئەگەر بەل ئايلانمىڭىز قىرىق دىيۇم (تەخمىنەن بىر مېتىر)دىن ئېشىپ كەتسە، بۇ ئەندىشىلىنەرلىك ئەھۋالدۇر. ئامېرىكا «دۆلەتلىك يۈرەك، ئۆپكە ۋە قان تەتقىقات ئورنى»نىڭ سانلىق مەلۇماتلىرىغا كۆرە، قورساق سېلىۋېلىش سېمىزلىككە مۇناسىۋەتلىك كېسەللەرگە گىرىپتار بولۇش خەۋپىنى ئاشۇرۇۋېتىدىكەن. مەسىلەن، سېمىز ئەرلەرنىڭ 2 ـ تىپلىق دىئابىت، يۈرەك كېسىلى ۋە سەكتە بولۇپ قېلىش خەۋپى يۇقىرى بولىدىكەن.

كۆپىنچە ئەرلەرگە نىسبەتەن، قورساقتىكى ياغنى ئازايتىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى يېمەكلىكتىكى ئىسسىقلىق ئېنېرگىيەسىنى تۆۋەنلىتىش ۋە چېنىقىش مىقدارىنى ئاشۇرۇشتۇر. دوختۇردىن سىزگە بىخەتەر ۋە ئۈنۈملۈك ئورۇقلاش پىلانىنى تۈزۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلىڭ.

## ۋىتامىن تولۇقلاڭ

كۆپىنچە كىشىلەر تەڭپۇڭ ئوزۇقلىنىش ئارقىلىق كۆڭۈلدىكىدەك ساغلاملىق ئۈچۈن كېرەكلىك ۋىتامىن ۋە مىنېرال ماددىلارغا ئېرىشەلەيدۇ. يېڭى مېۋە، كۆكتات ۋە دانلىق زىرائەتلەرگە ئوخشاش تەركىبىدە ۋىتامىن ۋە مىنېرال ماددىلار مول بولغان ھەر خىل يېمەكلىكلەرنى يېيىش تولىمۇ مۇھىم. بۇ يېمەكلىكلەرنىڭ

كۆپىنچىسى يەنە يۈرەكنى ساغلاملاشتۇرىدىغان تالا ۋە تەبىئىي ئوكسىدلىنىشقا قارشى بىرىكمىلەر بىلەن تەمىنلەپ، مۇئەييەن كېسەللەرگە گىرىپتار بولۇش خەۋپىنى ئازايتىدۇ.

ھەر كۈنى كۆپ خىل ۋىتامىن ياكى باشقا قوشۇمچە يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلىش بەزى كىشىلەر ئۈچۈن تېخىمۇ پايدىلىق بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، دوختۇرىڭىز سىزگە تەركىبىدە ئومېگا ـ 3 ياغ كىسلاتاسى ۋە ۋىتامىن D3 بولغان بېلىق مېيى كاپسۇلىنى ئىشلىتىشنى تەۋسىيە قىلىشى مۇمكىن. كۈندىلىك يېمەكلىك جەدۋىلىڭىزگە كۆپ خىل ۋىتامىن ياكى باشقا قوشۇمچە ماددىلارنى قوشۇشنىڭ بولغۇسى پايدىلىرى ۋە خەتىرى توغرىسىدا دوختۇردىن مەسلىھەت سوراڭ.

ناچار ئادەتلەرنى تاشلاڭ

تاماكا چېكىش سالامەتلىككە زىيان يەتكۈزىدىغان ئەڭ ناچار قىلمىشلارنىڭ بىرى بولۇپ، ھەتتا پاسسىپ تاماكا چېكىش (يەنى تاماكا چەككۈچىلەرنىڭ يېنىدا تۇرۇش)مۇ ئىنتايىن خەتەرلىكتۇر. ئامېرىكا «كېسەللەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە كونترول قىلىش مەركىزى»نىڭ سانلىق مەلۇماتىغا قارىغاندا، ئامېرىكادا ھەر يىلى تاماكا چەكمەيدىغان 7300 گە يېقىن كىشى تاماكا چېكىشتىن مەنبەلەنگەن ئۆپكە راكى سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كېتىدىكەن. تاماكا چېكىش ۋە تاماكا چېكىلگەن مۇھىتتا ياشاش ئاستا خاراكتېرلىك تىنىقسىزلىق، ئۆپكە كېسىلى، ئۆپكە گازلىق ئىششىقى ۋە يۈرەك كېسىلى قاتارلىق باشقا كېسەللەرگىمۇ سەۋەب بولىدۇ. شۇنداقلا يەنە سىزنىڭ تۈرلۈك راك كېسەللىرىگە گىرىپتار بولۇش خەۋپىڭىزنى ئاشۇرۇۋېتىدۇ.

ھاراق ئىچىش، كۆكنار ئېچىش خاراكتېرلىك ياكى ئادەت خاراكتېرلىك زەھەرلىك چېكىملىك چېكىشمۇ سالامەتلىككە زىيان سالىدىغان ئاساسلىق ناچار ئىللەتلەردىندۇر.

بەزى ئەرلەر يەنە مۇسكۇل چوڭايتىش ئۈچۈن ئانابولىتىك ستېروئىد (مۇسكۇل ۋە سۆڭەكنىڭ ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان سۈنئىي ھورمون بولۇپ، بەزىدە روھلاندۇرۇش دورىسى سۈپىتىدە قارىلىپ، تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ ئىشلىتىشى چەكلىنىدۇ، ت) ئىشلىتىدۇ. ئەمما، بۇ سالامەتلىككە ئېغىر زىيان سېلىشى، كىشىنى پەرزەنت كۆرۈش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم قىلىشى، يۈرەك كېسىلى، تېرە كېسەللىرى دېگەندەك كېسەللەرگە دۇچار قىلىشى مۇمكىن.

تېرىڭىزنى قوغداڭ

مېلانوما (قارا پىگمېنت ئۆسمىسى) تېرە راكىنىڭ بىر خىلى، شۇنداقلا ئەڭ ئەجەللىك راكلاردىن بىرىدۇر. ئامېرىكا تېرە كېسەللىرى ئاكادېمىيەسىنىڭ (AAD) دوكلاتىغا قارىغاندا، يېشى ئەللىكتىن ئاشقان

ئەرلەرنىڭ بۇ كېسەلگە گىرىپتار بولۇش خەۋپى يۇقىرى بولىدىكەن. ئاق تەنلىكلەرنىڭ بۇ كېسەلگە گىرىپتار بولۇش نىسبىتى تېخىمۇ يۇقىرى ئىكەن.

مېلانوماغا گىرىپتار بولۇش خەۋپىنى ئازايتىش ئۈچۈن، ئىمكانقەدەر زىيانلىق ئۇلترا بىنەپشە نۇردىن ساقلىنىڭ. سىرتقا چىققاندا:

سايىدا تۇرۇشقا دىققەت قىلىڭ.

بەدىنىڭىزنى كىيىم بىلەن يېپىۋېلىڭ.

**مەزى بېزىڭىزنى تەكشۈرتۈپ تۇرۇڭ**

ئامېرىكا راك كېسلى جەمئىيىتىنىڭ كۆرسىتىشىچە، تېرە راكىدىن كېيىن، مەزى بېزى راكى ئامېرىكالىق ئەرلەردە ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان راك ئىكەن. ئەگەر سىز سىيىشتە قىينالسىڭىز، سۈيدۈك ئاغرىتىپ كەلسە ياكى سۈيدۈكىڭىزدە قان كۆرۈلسە، بۇ مەزى بېزى كېسلىنىڭ ئالامىتى بولۇشى مۇمكىن. بۇ خىل ئەھۋالدا، دەرھال دوختۇرغا كۆرۈنۈڭ. ئۇلار سىزنىڭ مەزى بېزى راكى بولغان - بولمىغانلىقىڭىزغا دىياگنوز قويۇش ئۈچۈن، قان تەكشۈرۈشى ۋە باشقا بىر قاتار تەكشۈرۈشلەرنى ئېلىپ بېرىشى مۇمكىن.

**بەدىنىڭىزنى بوغماق - تۈز ئۈچەي (Colo - rectal) راكلىرىغا قارىتا تەكشۈرتۈپ تۇرۇڭ**

«دۆلەتلىك راك تەتقىقات ئورنى»نىڭ دوكلاتىدا كۆرسىتىلىشىچە، ئامېرىكادىكى راك كېسەللىكى بىلەن ئۆلۈپ كېتىدىغانلارنىڭ ئىچىدە، ئۈچەي راكى بىلەن ئۆلۈپ كېتىدىغانلارنىڭ سانى ئىككىنچى قاتاردا تۇرىدىكەن. ئەللىك ياشقا كىرگەندىن كېيىن، بوغماق - تۈز ئۈچەي راكلىرىغا قارىتا قەرەللىك بەدەن تەكشۈرتۈش تولىمۇ مۇھىم. دوختۇر بوغماق ئۈچەي ئەينىكى ئارقىلىق بوغماق ئۈچىيىڭىزدە راك ئۆزگىرىشى بار - يوقلۇقىنى تەكشۈرەلەيدۇ. ئۇلار يەنە ئۈچەيدە مونچاق گۆش ئۆسۈپ قېلىش ئەھۋالى بار - يوقلۇقىنىمۇ تەكشۈرەلەيدۇ. گەرچە بۇ خىل مونچاق گۆشلەر راك ئۆزگىرىشى ھېسابلانمىسىمۇ، ئەمما مۇئەييەن تىپتىكى مونچاق گۆشلەر كەلگۈسىدە راكقا ئۆزگىرىپ كېتىشى مۇمكىن.

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى

**مەنبە:**

https://www.healthline.com/health/mens-health



# ۆەهسە

**يەنە «ئاپا!!!» دەپ ۋارقىراپ ئويغىنىپ كەتتىم. چۈشلىرىمدە دائىم ئوخشاش بىر قورقۇنچ، ئوخشاش بىر قارا بۇلۇت، زەھەرلىك چايان. شۇنچە كۈچەپ ۋارقىرايمەن. بىر ئورەككە چۈشۈپ كېتىپ، بىراق ئۈنۈم چىقمايدۇ، ئەتراپتا كىشىلەر مېڭىپ يۈرىدۇ - يۇ، لېكىن ۋارقىرىشىمنى ئاڭلىيالمايدۇ.**

**يىغلايمەن، نالە قىلىمەن، ئۆزۈم ئۈچۈن، بۇ ئېچىنىشلىق قىسمەت ئۈچۈن، يەنە مەندەك، مىليونلىغان خەلقىم ئۈچۈن. يەنە بەزى چۈشلىرىمدە خەلقىمنى كۆرىمەن، چىرايلىق ھويلىسىدا ئەمەس، ئاۋات بازارلاردىمۇ ئەمەس، بەلكى ... جازا لاگېرلىرىدا، ئوچۇق تۈرمىلەردە، يول - يول تىزىلغان ساقچى ماشىنىلىرىدا. ئۇلارنىڭ قولىدا كىشەن، بەدىنى قىزىلغا بويالغان، بويىنىدىن تورۇسقا ئېسىلغان، نىجىس ئەبلەخلەردىن رەھىم تىلەۋاتقان، ... ئىنسان قېلىپىدىن چىققان، خەقنىڭ ئازابىدىن ھۇزۇر تاپىدىغان ھايۋانلار!!! ئۇلارنىڭ سەت كۈلۈشلىرى، قۇلاقنى يارغۇدەك ئوق ئاۋازلىرى، ئاھ!!! مەن چۈشۈمدىن ئويغىنىپ كېتەي! چۈنكى، يۈرىكىم بۇنىڭغا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. يەنە بەزىدە، چۈشلىرىمدە، ھەردائىم سېغىنىدىغان يۇرتۇمنى يوقلاپمۇ قالىمەن. ئۆيگە كىرىمەن - دە، ھەممىسىنىڭ بىر تورزاق ئىكەنلىكىنى كۆرىمەن.**

**ئاتا - ئانام بىر بۇلۇڭدا يىغلاۋاتقان، كۆزۈمگە نەشتەردەك سانجىلىپ ئىككى قىزىل يالماۋۇز قىلمىچلىرىنى ئوينىتىۋاتقان. مەن نالەمنى باشلايمەن، مەن نېمىنى خاتا قىلدىم؟ ماڭا بۇ قەدەر دەھشەتنى كۆرسەتكۈدەك؟! ئۆزۈڭلار بەرگەن يول بىلەن ئوقۇشقا چىقتىم، يەنە شۇ يول بىلەن قايتىپ كەلدىم، سىلەرچە بىز خەقنىڭ ئوقۇيمەن دېيىشى گۇناھمۇ؟! دادامنى قۇلدەك ئىشلىتىپ، ئاپامنى مالاي قىلىپ ئېزىپ، «سەن بولساڭمۇ ياخشى ئوقۇغىن، بىزدەك كۈنگە قالما» دېگىنىگە، ئەمدىلىكتە مېنىمۇ بۇ قارا كۆلەڭگىنىڭ ئىسكەنجىسىگە ئالماقچىمۇ؟! راست، بىزدەك ئۆز دۆلىتى بولمىغان، بولغان ۋاقتىدا خائىنلارغا تولغان، يۇرت - ماكانىنى جان دەپ قوغدىيالمىغان، يۈرىكى دەرد - ئەلەمگە توشقانلارنىڭ، يەنە نېمە ئەتىۋارى بولسۇن. . . بىز لايىق، ۋەھىمىنىڭ قاپقىنىغا چۈشۈشكە، قويدەك ياۋاش ياشاشقا، گەرچە كۆك بۆرە ئاتالغان بولساقمۇ. ھەي...**

كاككۇك تەييارلىغان



# ياخشى ئاڭلىغۇچى بولۇشنىڭ ئون يولى

سۇسان كراۋس ۋايتبورن

# كۆڭۈلدىكىدەك ئاڭلىغۇچى بولۇشنىڭ ئون چارىسى

سۇسان كراۋس ۋايتبورن

(ئامېرىكا ماساچۇستېس ئۇنىۋېرسىتېتى پروفېسسورى، پسىخولوگىيە دوكتورى، ئامېرىكا كەسپىي پسىخولوگىيە ھەيئىتى ئەزاسى)

**ئاچقۇچلۇق نۇقتىلار**

**باشقىلارنىڭ سۆزىنى زەن قويۇپ ئاڭلاش ئۇللۇق ئىجتىمائىي ماھارەتلەردىن بىرى بولۇپ، مەزكۇر ماھارەتنى ياخشىلاش كىشىدىن تەكرار مەشىق قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.**

**قارشى تەرەپنىڭ سۆزلىرىنى زەن قويۇپ ئاڭلاش ۋە «ھېس قىلىنىغان غەمخورلۇق» ئىجابىي مۇناسىۋەتلەرنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ئاكتىپ ئىنكاس ھالقىسىنى (feedback loop) شەكىللەندۈرىدۇ.**

**زەن قويۇپ ئاڭلاش قارشى تەرەپنىڭ ئېچىلىپ-يېيىلىشىغا تۈرتكە بولۇپ، ئۆزئارا مايىللىقنى ئاشۇرىدۇ.**

**ئاڭلاشقا ماھىر كىشىلەر بىلەن پاراڭلاشقىنىڭىزدا، چوقۇم پاراڭدىن ھوزۇر تاپالايسىز. بۇ كىشىنىڭ سىزگە قاراش ياكى سۆزلىرىڭىزنى قۇۋۋەتلەيدىغان رەۋىشتە ئىنكاس قايتۇرۇش تەرزى سىزگە ئازادىلىك بەخش ئەتكەچكە، ئۇنىڭغا ئىچىڭىزدىكى تېخىمۇ كۆپ سىرلارنى ئېيتىپ بېرىش ئېھتىماللىقىڭىز يۇقىرى بولىدۇ. ئەگەر بۇ كىشى جۆرىڭىز بولسا، ئۇنىڭدىكى بۇ خىل قۇلاق سېلىش ماھارىتى سەۋەبلىك، سىز ئۆزىڭىزدە (ئۇنىڭغا بولغان) ھېسسىي يېقىنلىقنى، ئۇنىڭ سىزنى قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەۋاتقانلىقىنى ۋە چۈشەنگەنلىكىنى ھېس قىلىسىز.**

**گەرچە سىز كۆڭۈلدىكىدەك ئاڭلىغۇچى بىلەن ئالاقە قىلىشتىن زور خۇشاللىق ھېس قىلسىڭىزمۇ، ئەمما ئۆز نۆۋىتىدە ئۆزىڭىزنىڭ باشقىلارنىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىش ماھارىتىدىن ئۇنچە رازى بولماسلىقىڭىز؛ كىشىلەرنىڭ، ھەتتا جۆرىڭىزنىڭ سىزنىڭ ئۆز تەلەپلىرىگە لايىقىدا ئىنكاس قايتۇرمىغانلىقىڭىزدىن ئىچى پۇشۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغان بولۇشىڭىز؛ سىز كىشىلەر بىلەن تۇنجى كۆرۈشكەندە، سۆھبەتتىكىلەر باشلىنار ـ باشلانمايلا مەززىسىنى يوقىتىشى؛ خىزمەتداشلىرىڭىز سىزنى ئىشتىن سىرتقى پائالىيەتلەرگە چىللىماسلىقى (يەنى ئارىغا ئالماسلىقى)؛ ھەتتا، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىڭىزمۇ، جەمەت يىغىلىشلىرىدا پاراڭلاشقۇدەك باشقا ئادەم تاپقان ھامان، دەرھال سىزدىن ئۆزىنى ئېلىپ قېچىشى مۇمكىن.**

خايفا ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى گاي ئىزشاكوف (Guy Itzchakov)، روچېستېر ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى خارىي رېيس (Harry Reis) ۋە رىيدىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى نېتتا ۋېينستېين (Netta Weinstein) بىرلىشىپ ئېلان قىلغان (2021 ـ يىلدىكى) يېڭى ماقالىدە كۆرسىتىلىشىچە، ئۆتكەن نەچچە ئون يىل مابەينىدىكى تەتقىقاتلار «(قارشى تەرەپنىڭ سۆزلىرىگە) قۇلاق سېلىش ئىجتىمائىي ئالاقىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان... كىشىلەر ئارىسىدا ھېسسىيات ۋە تونۇش جەھەتتىكى نۇرغۇن ئىجابىي ھاسىلاتلارغا تۈرتكە بولىدىغانلىقى بىلىنگەن مېخانىزمدۇر» دېگەن قاراشنى قۇۋۋەتلەيدىكەن. ئۇلار بۇ ھەقتە يەنە شۇنداق دەيدۇ: «قۇلاق سېلىش ئۇلۇغ ئىجتىمائىي قىلمىش، شۇنداقلا ئىجتىمائىي ئالاقىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئېپادىلىرىدىن بىرىدۇر». باشقىلار بىلەن ياخشى مۇناسىۋەت بەرپا قىلىشنى نەزەردە تۇتقاندا، (ئىجتىمائىي) قابىلىيىتىڭىزنىڭ ئۇشبۇ ئاچقۇچلۇق تەرىپىنى ياخشىلاش، سىز ئۈچۈن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

### باشقىلارنىڭ سۆزلىرىنى زەن قويۇپ ئاڭلاشنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى رولى

رېيس بىلەن فىل شاۋېر (1988 ـ يىلى) ئىجاد قىلغان «يېقىنلىق جەريانى ئەندىزىسى»دە (Intimacy Process Model) باشقىلارنىڭ سۆزلىرىنى زەن قويۇپ ئاڭلاشنىڭ «ھېس قىلىنغان غەمخورلۇق»نى ئىلگىرى سۈرىدىغانلىقى، يەنى سۆھبەت ھەمرايىڭىزغا سىزنىڭ ئۇلارنى چۈشىنىدىغانلىقىڭىزنى، ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىڭىزنى ھەمدە ئۇلارنىڭ دۇنياغا ۋە ئۆزىگە بولغان قاراشلىرىنى قۇۋۋەتلەيدىغانلىقىڭىزنى ھېس قىلدۇرىدۇ.

باشقىلارنىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىش ۋە «ھېس قىلىنغان غەمخورلۇق» ئاكتىپ ئىنكاس ھالقىسىنى شەكىللەندۈرىدۇ، بۇ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ھەر خىل ئاكتىپ مۇناسىۋەت ھاسىلاتلىرىنى روياپقا چىقىرىدۇ. سىز ئۆزىڭىزنىڭ قارشى تەرەپنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سېلىۋاتقانلىقىڭىزنى بىلدۈرۈش ئارقىلىق ئوچۇق ـ يورۇق، ئىككى تەرەپ بىر ـ بىرىنى ھۆرمەتلەيدىغان كەيپىيات بەرپا قىلغانلىقىڭىز ئۈچۈن، سۆھبەت ھەمرايىڭىز ئارتۇقچە تەشۋىشلىنىپ، قورۇنۇپ كەتمەيدۇ. شۇنداقلا، سىز (كۆپىنچە ھاللاردا قارشى تەرەپنىڭ گېپىگە قۇلاق سېلىپ، گەپنىڭ بىلگە تەپمەسلىك ئارقىلىق) ئۆزىڭىزنىڭ ھۆكۈم چىقىرىشقا ئالدىراپ كەتمەيدىغانلىقىڭىزنى بىلدۈرگەچكە، قارشى تەرەپ خاتا گەپ قىلىپ قويۇشتىنمۇ ئارتۇقچە ئەنسىرەپ كەتمەيدۇ.

«ھېس قىلىنغان غەمخورلۇق»نىڭ تەسىرى نوقۇل ھالدا يېقىن مۇناسىۋەتلەر بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. سىز يېڭى تونۇشقان بىرەيلەن بىلەن پاراڭلىشىش جەريانىدا، ئۇ كىشى بىلەن ئاراڭلاردا (خىتاي ۋىرۇسى ۋاباسى سەۋەبلىك ماسكا تاقاش ـ تاقىماسلىق، ۋاكسىنا ئۇرغۇزۇش ـ ئۇرغۇزماسلىق دېگەندەك) مەلۇم بىر مەسىلىدە ئىختىلاپ بارلىقىنى بايقىشىڭىز، ھەتتا قارشى تەرەپنىڭ مەزكۇر مەسىلىدىكى تۇتۇمى سىزنىڭ

خۇيىڭىزنى تۇتقۇزۇشى مۇمكىن. لېكىن، ئەگەر سىز يەنىلا ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىپ، ئۇنىڭ سۆزلىرىنى زەن قويۇپ ئاڭلىسىڭىز، گەرچە ئاراڭلاردىكى پىكىر ئىختىلاپى ئەڭ ئاخىرىغىچە داۋاملاشقان تەقدىردىمۇ، ھەر ئىككىڭلار ئۆزئارا ھۆرمەتنى ھېس قىلىشىڭلار مۇمكىن.

كۆڭۈلدىكىدەك «ئاڭلىغۇچى»لىقنىڭ ئون تۈرلۈك ئىپادىسى

بەلكىم سىز «بۇ گەپلەرغۇ ئورۇنلۇق، ئەمما ياخشى <ئاڭلىغۇچى>لىقنىڭ ئىپادىسى زادى نېمە؟» دېيىشىڭىز مۇمكىن.

ئۆزىڭىزنىڭ سىز ياخشى ئاڭلىغۇچى دەپ قارىغان بىراۋ تەرىپىدىن چۈشىنىلگەن، ئېتىراپ قىلىنغان ۋە كۆڭۈل بۆلۈنگەنلىكىگە دالالەت قىلىدىغان قىلمىشلارنى ئېيتىپ بېرەلەمسىز؟

ئىزشاكوف ۋە ئۇنىڭ كەسىپداشلىرى بۇ خىل قىلمىشلارنى پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن، باشقىلارنىڭ سۆزلىرىنى زەن قويۇپ ئاڭلىغانلىقى ۋە «ھېس قىلىنغان غەمخورلۇق»نىڭ يۇقىرى سەۋىيەسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان 19 تۈرلۈك ئىپادىنى، نوقۇل ھالدا «باشقىلارنىڭ سۆزلىرىنى زەن قويۇپ ئاڭلىغانلىق»نىلا كۆرسىتىدىغان ئون تۈرگە قىسقارتقان.

مەزكۇر ئون تۈرلۈك ئىپادە ئۆز ئىچىدىن يەنە ئاغزاكى ۋە غەيرىي ئاغزاكىدىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدىغان بولۇپ، تۆۋەندە بۇلارنىڭ ھەربىرى مىساللىرى بىلەن قوشۇپ تونۇشتۇرۇلىدۇ.

ئاغزاكى ئىپادىلەر: سىزنىڭ قارشى تەرەپنىڭ سۆزىنى چۈشەنگەنلىكىڭىزگە دالالەت قىلىدۇ.

1. ئىنكاس: قارشى تەرەپنىڭ گېپىنى ئاڭقىرىغانلىقىڭىزنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، ئۇنىڭ سۆزلىرىنى (ئۆز پېتى تەكرارلىماستىن) باشقا ئىبارىلەر بىلەن ئىزاھلاڭ.

2. جاۋابى ئېنىق بولمىغان، مۇھاكىمە تەلەپ قىلىدىغان سوئاللارنى سوراڭ: سۆھبەتنىڭ راۋان داۋاملىششى ئۈچۈن، جاۋابى «ھەئە» ياكى «ياق»تىنلا ئىبارەت بولمىغان، مۇئەييەن دەرىجىدە مۇھاكىمە تەلەپ قىلىدىغان سوئاللارنى سوراڭ.

3. قۇۋۋەتلەڭ: قارشى تەرەپنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەش ئارقىلىق ئۆزىڭىزنىڭ ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭقىرىغىنىڭىزنى بىلدۈرۈڭ.

4. گەپ قىستۇرۇش: قارشى تەرەپنى سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئۈندەش ئۈچۈن، «توغرا، توغرا!»، «مۇنداق دەڭ»، «راست ئېيتتىڭىز» دېگەندەك ئاددىي سۆزلەرنى قىستۇرۇپ تۇرۇڭ.

5. گەپ قىلغۇچىنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىڭ: سۆھبەتتىكى ئوخشىمىغان پەيتلەردە ياكى قارشى تەرەپنىڭ سۆزىنى زەن قويۇپ ئاڭلاۋاتقانلىقىڭىزنى ئىپادىلىمەكچى بولغىنىڭىزدا، ئۇ كىشىنىڭ ئىسمىنى ئاتاش ئارقىلىق، ئۇنىڭ ئۆزىنى قەدىرلىك ھېس قىلىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىڭ.

غەيرىي ئاغزاكى ئىپادىلەر: سىزنىڭ زەن قويۇۋاتقانلىقىڭىزنى كۆرسىتىدىغان قىلمىشلار.

1. چىراي ئىپادىلىرى: چىرايىڭىزدىن قىزىقىش، ھېسداشلىق ئىپادىلىنىپ تۇرسۇن.

2. باش لىڭشىتىش: قارشى تەرەپنىڭ سۆزىگە ماس ھالدا ــــ بولۇپمۇ سۆھبەتنىڭ ھالقىلىق پەيتلىرىدە ــــ پات ـ پات بېشىڭىزنى لىڭشىتىڭ.

3. بەدەن يۆنىلىشى: زەن قويۇپ ئاڭلاۋاتقانلىقىڭىزنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، بەدىنىڭىزنى شۇ ئادەم تەرەپكە قارىتىڭ.

4. كۆزنى ئۈزمەسلىك: پەرۋاسىزلارچە ئۇياق ـ بۇياقلارغا قاراپ يۈرمەستىن، كۆزىڭىز قارشى تەرەپنىڭ كۆزى بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرسۇن.

5. سۈكۈت: باشقىلارنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتمەڭ ياكى جىددىي گەپ قىستۇرۇش ئىستىكىڭىزنى ئىپادىلىمەڭ.

باشقىلار بىلەن بولغان ئالاقە جەريانىدا، يۇقىرىقىلارنىڭ قانچىسىنى تەبىئىي رەۋىشتىلا قىلىدىكەنسىز؟ ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى قىلىشنى باشقىلىرىغا قارىغاندا ئاساندەك ھېس قىلىدىغانسىز؟ گەرچە ئاپتور بۇلارنى قىينىلىق دەرىجىسى بويىچە رەتكە تۇرغۇزمىغان بولسىمۇ، ئەمما «ئىنكاس قايتۇرۇش ۋە قۇۋۋەتلەش» دېگەندەك تۈرلەرنىڭ باشقا تۈرلەرگە قارىغاندا خېلى زور تىرىشچانلىق تەلەپ قىلىدىغانلىقى ئېنىق.

(بۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا) باش لىڭشىتىش ئوڭاي، قارشى تەرەپنىڭ ئىسمىنى ئاتاش تېخىمۇ ئوڭاي. ئەمما، ئۆزىڭىزنىڭ (قارشى تەرەپنىڭ سۆزىگە) زەن قويۇپلا قالماستىن، ئۇلارنى ئاڭقىرىۋاتقانلىقىڭىزنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن بىر مەزگىل مەشىق قىلىشقا موھتاج بولۇشىڭىز مۇمكىن.

زەن قويۇپ ئاڭلاش باشقىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىڭىزگە قايسى رەۋىشتە ئىجابىي تەسىر كۆرسىتىدۇ؟

مەزكۇر ئەندىزىدە، تەتقىقات گۇرۇپپىسىدىكىلەر زەن قويۇپ ئاڭلاش بىلەن «ھېس قىلىنىغان غەمخورلۇق»نى باغلاپ تەھلىل قىلىش ئارقىلىق، بۇنىڭ نۇرغۇن ئىجابىي ھاسىلاتلىرىنى بايقىغان. مەزكۇر ھاسىلاتلارنىڭ ئىچىدىكى «بىلىشكە ئالاقىدار ئۆزگىرىشلەر» دېگەن تۈر تېخىمۇ ئوچۇق ـ يورۇق بولۇش،

پوزىتسىيەنىڭ ئۆزگىرىشى (يۇمشىشى) ۋە قارشى تەرەپتە ياخشى تەسىر قالدۇرۇش مەقسىتىدىكى رول ئېلىش خاھىشىنىڭ پەسىيىشى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. «ھېسسىي ئۆزگىرىشلەر» بولسا، ئۆزىنى قەدىرلەش تۇيغۇسىنىڭ كۆچىيىشى، تېخىمۇ ئاكتىپ كەيپىيات ۋە تېخىمۇ كۈچلۈك بەخت تۇيغۇسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

ئاخىرىدا، قىلمىش جەھەتتە، زەن قويۇپ ئاڭلاش بىر قاتار ئىجابىي ئۆزگىرىشلەرگە، جۈملىدىن قارشى تەرەپنىڭ ھەقىقىي يۈرەك سۆزلىرىنى ئېيتىشىغا ۋە ئىككى تەرەپ ئارىسىدا تېخىمۇ كۈچلۈك مايىللىق شەكىللىنىشىگە تۈرتكە بولىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالدا (يەنى كۆڭۈلدىكىدەك ئاڭلىغۇچىنى تاپقىنىڭىزدا)، سىز ئۇنىڭ ئاسانلا كۆزىڭىزگە ئىسسىق كۆرۈنۈپ قالىدىغانلىقىنى بايقايسىز.

زەن قويۇپ ئاڭلاش بىلەن «ھېس قىلىنغان غەمخورلۇق» ئارىسىدىكى باغلىنىش ئۇزۇن مۇددەتلىك يېقىن مۇناسىۋەتلەردە تېخىمۇ مۇھىمدۇر. ئىزشاكوف ۋە ئۇنىڭ كەسىپداشلىرىنىڭ قارىشىچە، سىز ۋە جۈرىڭىزنىڭ ئارىسىدا كۈچلۈك ئىجابىي ھېسسىيات رىشتىسى (يەنى مۇھەببەت) بولۇشلا كۇپايە قىلمايدۇ. «گەرچە بۇ (ئائىلە مۇناسىۋىتىدىكى) زۆرۈر تەركىب بولسىمۇ، ئەمما كۆپىنچە ھاللاردا قانائەتلىنەرلىك چارە بولالمايدۇ؛ ئەكسىچە، كىشىلەرنىڭ ئېتىبارغا ئېلىنىش ۋە ئىنكاس قايتۇرۇلۇشقىمۇ ئېھتىياجى بار» دەيدۇ ئۇلار.

جۈرىڭىز سىزگە بىر كۆڭۈلدىكى خىزمىتىنىڭ تولىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملانغانلىقىنى ئېيتىشى، ئەمما سىز زەن قويۇپ ئاڭلاۋاتقانلىقىڭىزنى بىلدۈرۈشنىڭ ئورنىغا، زېرىككەنلىكىڭىزنى ئىپادىلىشىڭىز ياكى شۇ كۈندىكى كۆڭۈلسىز ئىشلارنى تەگەپ تۇرۇۋېلىشىڭىز مۇمكىن. تەتقىقاتچىلار بۇ خىل ئاڭلاشقا تاقەت قىلالماسلىقنىڭ «مۇناسىۋەت ئىزتىراپى» (relationship distress) بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن.

خۇلاسىلىگەندە، مەزكۇر تەتقىقاتچىلارنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، «ئاڭلاش ــــ پاسسىپ ھالدا ئۇچۇر قوبۇل قىلىش بولماستىن، سۆھبەتلەرنىڭ ئاكتىپ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىدۇر».

يۇقىرىدىكى ئون ئىپادىنى ئەمەلىيىتىڭىزگە تەدبىقلاش ئارقىلىق ئاڭلاش ماھارىتىڭىزنى ئاشۇرسىڭىز، كىشىلىك مۇناسىۋەتلىرىڭىزنى زور دەرىجىدە ياخشىلىيالايسىز.

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

مەنبە:

https://www.psychologytoday.com/intl/blog/fulfillment-any-age/202112/10-ways-become-great-listener



# سۋېن ھېدىننىڭ ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپىسى ئۈستىدە ئىزدىنىش

زۇلھايات ئۆتكۈر

# سۈيېن ھېدىننىڭ ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپىسى ئۈستىدە ئىزدىنىش

زۇلھايات ئۆتكۈر

**ئىلاۋە: بۇ ماقالە ئاپتورنىڭ «سەيياھلار ئىزىدىن » ناملىق كىتابىدىن قىسقارتىپ ئېلىندى.**

**1899 ـ يىلى ئىتالىيە رىمدا ئۆتكۈزۈلگەن 12 ـ نۆۋەتلىك شەرقشۇناسلار ئىلمىي يىغىنىدا ئىلىم دۇنياسىدىكى كىشىلەرنىڭ دىققىتى خۆرنلې، كىلېمەنتىز، رادلوف ۋە سېنارت قاتارلىق ئالىملارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىن تېپىلغان ماتېرىياللار ھەققىدە سۇنغان دوكلاتلىرىغا مەركەزلىشىپ، ئىلگىرى دۇنياغا ئانچە تونۇشلۇق بولمىغان بۇ زېمىن ۋە بۇ زېمىندىكى ئاشكارىلانمىغان سىرلار  كىشىلەرنى ئۆزىگە تارتىدۇ. 1899 ـ يىلىنى شەرقىي تۈركىستان مەدەنىيىتىنى سىستېمىلىق ۋە ئۇنۇملۇك تەتقىق قىلىشنىڭ باشلىنىش  نۇقتىسى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. شۇندىن  باشلاپ كېيىنكى 20 يىل ئىچىدە ئوخشىمىغان دۆلەتلەردىن تەشكىللەنگەن ئېكسپېدېتسىيە ئەترەتلىرى بۇ زېمىنغا يۈرۈش قىلىپ، يەر ئاستى دۇنياسىدا بېسىلىپ ياتقان بايلىقلارنى قېزىش سەپىرى ئەۋجىگە چىقىپ شەرقىي تۈركىستان تېمىسىدىكى تەتقىقاتلارمۇ چۇۋالچاق ھالەتتىن تەرتىپلىك ۋە سىستېمىلىق ھالەتكە ئۆتۈشكە باشلايدۇ. قەدىمكى كۇلتۇر ۋە مەدەنىيەت ، قەدىمكى يېزىقلار ھەتتا قەدىمكى مۇمىيالار ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.[1]**

**بۇلاردىن كېيىن دۇنيانىڭ دىققىتىنى ئوتتۇرا ئاسىياغا جەلپ قىلىشتا ۋە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشتا يول ئېچىشتا سۈيېن ھېدىننىڭ رولىغا سەل قاراشقا بولمايدۇ. بۇ ئىزدەنگۈچى ۋە ئېكسپېدېتسىيەچى ئالىم ئوتتۇرا ئاسىيا، جۈملىدىن شەرقىي تۈركىستان زېمىنى ۋە خەلقى ھەققىدىكى تېمىنى ياۋروپا ئىلىم سەھنىلىرىگە ئېلىپ چىقىپ تونۇشتۇرۇشتا ئاۋانگارت رول ئوينىغان بىر شەخس. ئۇ ئىنسانلارنىڭ نەزەرى چۈشمىگەن قەدىمكى مەدەنىيەت ۋە چۆللۈك تېمىلىرىنى ناھايىتى قىزغىن ۋە ئاۋات تېمىلارغا ئايلاندۇرۇپ، بۇ ھەقتىكى ئىختىرا ۋە تەتقىقاتلىرىنى كىتاب، رەسىم ۋە لېكسىيەلەر ئارقىلىق دۇنياغا تاراتتى.**

**سۈيېن ھېدىننىڭ شەرقىي تۈركىستانغا قىلغان سەپىرى ۋە تەكشۈرۈش نەتىجىلىرىنى ئېتنوگرافىيە ، ئانتروپولوگىيە ۋە تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن تەھقىقلەش زۆرۈر دەپ قارايمەن.**

**«ئۇيغۇرلار» ژۇرنىلىدا قېرىنداشلارغا تىلشۇناسلىق تەتقىقاتى جەھەتتە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپىسى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتمەكچىمەن.**

1. Hannes A. Fellner <<The expeditions to Tocharistan>>, Instrumenta Tocharia, p20

**تىلشۇناسلىق تەتقىقاتى جەھەتتە**

**سۋېن ھېدىن بىرىنچى قېتىملىق ئوتتۇرا ئاسىيا سەپىرىدە بايقىغان دەندان ئۆيلۈك (دەندان ئۇلۇغلۇق دەپمۇ ئاتىلىدۇ) خارابىسى ۋە يۆتكەن خارابىسىدىن تېپىلغان خوتەن ساك تىلىدىكى يازما يادىكارلىقلارنىڭ سانى بىرقەدەر كۆپ بولۇپ، نۆۋەتتە دۇنيادىكى ساقلىنىشى مۇكەممەل ۋە تارىخي قىممىتى بىرقەدەر يۇقىرى ۋەسىقىلەر ھېسابلىنىدۇ.**

**قەدىمكى خوتەن ساك تىلىدا يېزىلغان ئەسەر، ۋەسىقىلەرنىڭ كۆپ قىسمى بۇددا نوملىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئاساسەن ئىلگىرى ستەيىن ۋە پائۇل پېللىئوت تۇمشۇق رايونىدىن تاپقان ئەڭ قەدىمكى بۇددا دەستۇرلىرى بولۇپ، ئەڭ مەشھۇرلىرىدىن «ساڭگاتاسۇترا»، «سۇترا»، «ۋاھلا كىرىتى» قاتارلىقلار بار. سۋېن ھېدىن ۋە ستەيىنلەر دەندان ئۆيلۈك، مازارتاغ ۋە دومىكو رايونلىرىدىن بايقىغان خوتەن ساك يېزىقىدا يېزىلغان ھۆججەتلەرنىڭ ئىچىدە يەنە دىنىدىن خالىي ۋەسىقىلەرمۇ بولۇپ، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي مەزمۇندىكى ھۆججەتلەر، ھېسابات دەپتىرى، توختامنامە، پادىشاھ يارلىقى قاتارلىق كۆپ تەرەپلىمە مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.[2] بۇ خىل ۋەسىقىلەر قەدىمكى خوتەن ئېلىنىڭ سىياسىي، مەمۇرىي باشقۇرۇش، باج، يېپەكچىلىك، سودا ، ھەربىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتلەردە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشتە شۇنداقلا ئۇدۇن خانلىقىنىڭ يەرلىك قانۇن - تۈزۈملىرىنى يورۇتۇشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ.**

**سۋېن ھېدىن بايقىغان يازما يادىكارلىقلارنىڭ كۆپ قىسمى ترانسكرىپسىيەسى ۋە تەرجىمىسى تەييارلىنىپ كاتالوگلىرى نەشر قىلىندى ۋە « خوتەن تېكستلىرى »دەپ ئاتىلىپ ھازىر دۇنيادا ئالتە چوڭ ئارخىپتا ساقلانماقتا:**

**بىرىنچى ئارخىپ، سۋېن ھېدىن ئارخىپى. ئارخىپتا جەمئىي 43 دانە ياغاچ تارشا پۈتۈك بولۇپ، مىلادىيە 767 ـ يىلىغا ئائىت ، خوتەنلىك ۋاسراسامغا ئىسىملىك كىشىنىڭ باج ھۆججىتى ۋە يىل دەۋرى مىلادىيە 773 ـ يىلىغا ئائىت بولغان بۇداسامغا ئىسىملىك كىشىنىڭ قەرز ھۆججىتى ۋە ئۇنىڭ ئايالىنىڭ بىر پارچە ئەرزنامىسى قاتارلىق ۋەسىقىلەر بار.**

**ئىككىنچى ئارخىپ، روسىيە ئارخىپى. ئارخىپتىكى يازمىلارنىڭ يىل دەۋرى 770 ـ 791 ـ يىلىغىچە بولۇپ، دەندان ئۆيلۈكتىن تېپىلغان بۇ يازمىلار خوتەنلىك ئەمەلدار سىداكاغا مەنسۇپتۇر.**

**ئۈچىنچى ئارخىپ، بۈيۈك بىرىتانىيا كۈتۈپخانىسى. ئارخىپتا 18 پارچە قەغەزگە يېزىلغان قوليازما ۋە ئىككى پارچە ياغاچ تارشا پۈتۈك « ھېدىن كوللېكسيونى» نامىدا ساقلانماقتا. ماتېرىياللارنىڭ يىل دەۋرى 798 ـ 802 ـ يىلىغىچە بولۇپ، بىرگامادارادا ياشىغان خوتەنلىك ئەمەلدار سۇدارجام ۋە ساماداراغا تەۋە.**

---

[2] مىراس ژۇرنىلى 2001 ـ يىللىق 3 ـ سان 11 ـ بەت تەلئەت ئوبۇلقاسىم، « ئۇدۇن ساك يېزىقى ۋە ئۇنىڭدا يېزىلغان ۋەسىقىلەر

بىرگادارانىڭ ئورنى هازىرقى خوتەندىكە دامىكۇ يېزىسى تەۋەسىدۇر. تۆتىنچى ئارخىپ، ئالبېرت ستەيىن خوتەن مازارتاغدىن بايقىغان يازمىلار بولۇپ، 9 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدىكى تىبەت هۆكۈمرانلىقىدىكى خوتەن دەۋرىگە ئائىت هۆججەتلەردۇر. بۇلارنىڭ بىر قىسمى نەشرگە تەييارلاندى، بىر قىسمى تېخى تەييارلىق باسقۇچىدا. بەشىنچى ئارخىپ، خوتەندىكى خادالىق بۇددا موناستىرىدىن تېپىلغان يازما يادىكارلىقلار بولۇپ، بىر قىسمى هېدىن كولېكسىيوندا، بىر قىسمى مالوۋ كولېكسىيوندا ۋە بىر قىسمى خاردىڭ كولېكسىيوندا ساقلانماقتا.

تۆۋەندە سۋېن هېدىن بايقىغان هۆججەتلەردىن بىر ئۆرنەك كۆرستىپ ئۆتمەكچىمەن:

Archive3/1.2(Hedin 20 ـ a) Order on Evacuation ناملىق ئارخىپتىكى سۇدراجامىنىڭ خوتەن پادىشاھىدىن تاپشۇرىۋالغان يارلىقى بولۇپ، خوتەن ساك تىلىدا يېزىلغان. خوتەن پادىشاھى تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىنى ئىدارە قىلىشقا مەسئۇل بولغان هەربىي قوماندانى تىبەت مىللىتىدىن بولغان بىلون لابىزېردىن ئاڭلىغىنىنى بۇيرۇق قىلىپ پۇقرالارغا شۇنداق يازىدۇكى، كوماندىر قەشقەردىن كەلگەن بىر ئۇچۇرنى تاپشۇرىۋالغان بولۇپ، ئۇچۇردا ئۇيغۇر ئارمىيەسىنىڭ ئۇدۇنغا قاراپ يولغا چىققانلىقى هەققىدىكى مەزمۇن بار ئىدى. لېكىن ئارمىيەنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى ياكى يولغا چىققان ۋاقتى خاتىرىلەنمىگەن. بۇ جىددىي ئەهۋالغا قارىتا پادىشاھ بارلىق كىشلەرنى ۋە چارۋا ماللارنى فېما قورغىنىغا كۆچۈرۈپ پاناھلىنىپ هۇجۇمدىن مۇداپىئە كۆرۈشكە يارلىق چۈشۈرىدۇ. پادىشاھ بۇ يارلىقنى 802 ـ يىلى8 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى يازغان بولۇپ، سۇدراجام يارلىقنى 21 ـ كۈنى تاپشۇرىۋالغان.

يارلىقنىڭ تىرانسكرىپسىيەسى:

سۋېن هېدىن بايقىغان خوتەن ۋەسىقىلىرىنىڭ ئىچىدە يەنە يىپەك رەختنىڭ ئۇزۇنلۇق ۋە چوڭلۇق ئۆلچەملىرىگە ئائىت مەلۇماتلار بولۇپ، بۇ تېكىستلەر بىزنى ئەينى ۋاقىتتا 7 ـ 8 ـ ئەسىرلەردە خوتەندە يىپەك ئىشلەپچىقىرىلىدىغانلىقى ۋە يىپەكلەرنىڭ ختاي هەربىي گارنىزونىغا باج ـ سېلىق تاپشۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەنلىكىدىن ئىبارەت هەقىقەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. شۇنداقلا خوتەن يىپىكىنىڭ سوغدى سودىگەرلىرى ۋە ختايلار ئارقىلىق باشقا جايلارغا تارقىلىپ ئىقتىسادىي ئوبوروت ۋاستىسىنى ئىلگىرى سۈرگەنلىكىنى پەرەز قىلالايمىز. خوتەنچە thaunaka رەخت ئۆلچىمى بولۇپ، بىر thaunaka ختايچە ئۆلچەم بىرلىكى 40 چىغا تەڭ كېلىدۇ. تەتقىقاتچى مورىياسۇ تاكاۋنىڭ قارىشىچە كېيىنكى دەۋرلەرگە تەئەللۇق بولغان دۇنخۇاڭ ۋە تۇرپان رايونىدىن تېپىلغان 10 ـ 11 ـ ئەسىرگە ئائىت ۋەسىقىلەردە، ختايچە پۇل ئورنىدا قوللىنىدىغان رەخت مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان «چۈەنپۇ » سۆزلۈكىنىڭ دەل ئۇيغۇرلار «بۆز» دەپ ئاتايدىغان كەندىر رەختنى كۆرستىدىغانلىقىنى ، كېيىنچە بۇ سۆزنى موڭغۇل ئىستىلاسىدىن كېيىن ختايچە «چۈەنپۇ» نىڭ ئورنىغا «بۆز» دەپ قوللىنىشقا باشلىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

سۋېن ھېدىن ئىككىنچى قېتىملىق سەپىرىدە بايقىغان كىروران خارابىلىقىدىن تېپىلغان يازما يادىكارلىقلاردىن خىتاي تىلىدا يېزىلغانلىرىنى كارل ھىملېي (Karl Himly) ) ، ئاۋگۇست كونرادى (August Conrady ) قاتارلىق گېرمانىيەلىك داڭلىق سىنولوگلارغا، سانسكرىت تىلىدا يېزىلغانلىرىنى سانت پېتىسبۇرگدىكى سېرگېي ئولدېنبۇگقا ( Sergei Oldenburg ) ، تىل تەۋەلىكىنى ۋە يېشىمىنى يېشىش ئۈچۈن يوللاپ بېرىدۇ. ئۇ يەنە تارىم ئويمانلىقىدىكى بىر قىسىم يەر ناملىرىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن گېرمانىيەلىك ئالىم ئالبېرت فون لېكوكقا ( Albert von Lecoq ) ئۆتۈنىدۇ. ئۇيغۇر، پارس، موڭغۇل ۋە خىتاي تىلىدا يېزىلغان يەر ناملىرى ھەققىدە بېكىتىش ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان تىلشۇناسلار ۋە تەتقىقاتچىلار بۇ خىزمەتكە ئىشتىراك قىلغان.

سۋېن ھېدىن كوللېكسيونىدا ساقلىنىۋاتقان يازما يادىكارلىقلار خوتەن ساك تىلى، سانسكرىت يېزىقى ، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ، تاڭغۇت تىلى، توخار تىلى، خىتايچە، تىبەتچە ۋە موڭغۇلچە يېزىقلاردا يېزىلغان ۋەسىقىلەر بولۇپ، بىر قىسىملىرى تارشا پۈتۈكلەرگە ئويۇلغان. فولك بېرگماننىڭ كۆرسىتىشىچە بېقىنقى زاماندا بۇ خىل يېزىقنى بايقىغان تۇنجى كىشى سۋېن ھېدىن بولۇپ،(بۇ يېزىق تارىختا كارۇشتى يېزىقى دەپ ئاتالغان). بۇ خىل يېزىقنىڭ تارىخى مىلادىيە 200 ـ يىلىغا ئائىت دەپ قارالغان.

سۋېن ھېدىن بەزى قەدىمكى ئۇيغۇرچە يازمىلارنى فولك بېرگمان ئارقىلىق گېرمانىيەلىك داڭلىق تۈركولوگ فون گابائىن خانىمغا يوللاپ بېرىدۇ. ئانمارى فون گابائىن خانىم بۇ يازمىلارغا ناھايىتى قىزىقىدۇ ۋە نەشر قىلدۇرۇش ئىستىكىدە، بەلكىم گۇننار ياررىڭنىڭ قىزىقىشى مۇمكىن دەپ قاراپ ستوكھولمغا يوللايدۇ. ئەمما بۇ ۋاقىتلاردا گۇننار ياررىڭ دىپلومات سالاھىيىتى بىلەن باش ئەلچى بولغاچقا ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىغا توغرا كېلىپ قېلىپ ، نەشر قىلىنىشقا پۇرسەت بولمايدۇ. شۇنداق قىلىپ تاكى پروفېسسور كۇدارا ، 1979 ـ يىلى ستوكھولمغا كېلىپ بۇ قولىيازمىلارغا قول تىقىپ نەشر قىلدۇرغۇچە بۇ قولىيازمىلار ستوكھولم ئېتنوگرافىيە مۇزېيىدا ئۇزۇن يىللار بېسىلىپ يېتىپ قالىدۇ.

تارىم ۋادىسىدىن ۋە مىڭ ئۆيلەردىن تېپىلغان بىر قىسىم قولىيازمىلار قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا بولۇپ ،ترانسكرىپسىيەسى ۋە يېشىمىنى ئىشلەشكە تەتقىقاتچىلاردىن ياپونىيەلىك كوگى كۇدارا، ،ماساخىرو شۇگايتو قاتارلىقلار كۆپ كۈچ چىقارغان. ئۇنىڭدىن كېيىن لارس يوھانسون، پېتىر زىمە ۋە ئابدۇرېشىت ياقۇپ قاتارلىق پروفېسسورلار بۇ خىزمەتنى يەنە داۋاملاشتۇرۇپ، ئۇيغۇرچە قولىيازمىلارنى نەشر قىلىشتا ئەمگەكلىرىنى سىڭدۈردى.

ئۇ دەۋردە كاروشتى يېزىقى قوللىنىش غەربىي شىمالىي ھىندىستان بىلەن بولغان سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەردە ئەھمىيىتى زور بولغان بولۇپ، تەڭگىلەرگە چۈشۈرۈلگەن كاروشتى يېزىقىدىن مەلۇمكى، بۇ خىتايدا كارۇشتى يېزىقى قوللىنىش تارىخىدىن ئىككى ئەسىر ئىلگىرى ئىكەن.


مىسلىسىز ئويغىنىش
كىشىلىك تەرەققىياتتىكى مۇھىم پرىنسىپلار
براين چېيسى

# كىشلىك تەرەققىياتتىكى مۇھىم پىرىنسىپلار

براين چېيىسى

**ئۆزىڭىزنى ھەرىكەتكە ئۈتۈشكە ئۈندەڭ**

**«كىشى تەۋەككۈلچىلىككە، مۇۋەپپەقىيەتكە ۋە ئىجادىي پائالىيەتلەرگە ئىشتىياق باغلىغاندا، ئاندىن ئۆزگىچە خۇشاللىق تاپالايدۇ» ــــ ئانتونى دې ساينت ئېكسۇپېرىي (Antoine de Saint-Exupery)**

**ئەڭ ياخشى سەۋىيەڭىزنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، چوقۇم ئۆز - ئۆزىڭىزنىڭ رىغبەتچىسىگە ئايلىنىشىڭىز، يەنى چوقۇم ئۆز - ئۆزىڭىزنى مەشقلەندۈرۈشكە ۋە رىغبەتلەندۈرۈشكە ئادەتلىنىشىڭىز كېرەك.**

**ھېسسىياتلىرىڭىزنىڭ كۆپىنچىسى ــــ مەيلى ئىجابىي، ياكى سەلبىي بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ــــ سىزنىڭ ھەر مىنۇتتا ئۆز - ئۆزىڭىزگە قىلغان خىتابىڭىزغا باغلىق. سىزنىڭ ھېسسىياتىڭىزنى بەلگىلەيدىغىنى، نېمىلەرگە دۇچ كەلگىنىڭىز ئەمەس، بەلكى ئۆزىڭىز دۇچ كەلگەن شۇ ئىشلارنى شەرھلەش ئۇسۇلىڭىزدۇر. سىزنى رىغبەتلەندۈرۈپ، كۈچىڭىزگە كۈچ قوشىدىغىنىمۇ، چۈشكۈنلەشتۈرۈپ ھالسىرىتىۋېتىدىغىنىمۇ سىزنىڭ مەلۇم بىر مەسىلىگە بولغان كۆز قارىشىڭىزدۇر.**

**ئۆزىڭىزنى ھەر ۋاقىت رىغبەتلەندۈرۈپ تۇرالاش ئۈچۈن، چوقۇم ھەقىقىي ئۈمىدۋارلاردىن بولۇشىڭىز كېرەك. سىز چوقۇم ئەتراپىڭىزدىكى ئەھۋاللارغا ھەمدە ئادەملەرنىڭ سۆزلىرىگە، قىلمىشلىرىغا ۋە ئىنكاسلىرىغا ئىجابىي ئىنكاس قايتۇرۇشقا بەل باغلىشىڭىز كېرەك. كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى ساقلانغىلى بولمايدىغان قىيىنچىلىق ۋە توسقۇنلۇقلارنىڭ كەيپىياتىڭىزغا سەلبىي تەسىر كۆرسىتىشىگە زىنھار يول قويماڭ.**

**ئېچكى مونولوگىڭىزنى تىزگىنلەڭ**

**سىزنىڭ ئۆزىڭىزنى قەدىرلەش تۇيغۇڭىز، ئۆزىڭىزنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭىز ۋە ھۆرمەتلەيدىغانلىقىڭىز، سىزنىڭ رىغبىتىڭىزنى ۋە سىجىللىقىڭىزنى بەلگىلەيدىغان ھالقىلىق ئامىللاردىندۇر.**

سىز ھەر ۋاقىت ئۆزىڭىزگە ئىجابىي خىتاب قىلىپ، ئۆزىڭىزنى قەدىرلەش تۇيغۇڭىزنى كۈچەيتىشىڭىز لازىم. «مەن ئۆزۈمنى ياخشى كۆرىمەن» دېگەندەك سۆزلەرنى تاكى ئۆزىڭىز شۇنىڭغا ئىشەنگەنگە ۋە قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئادەمدەك تۇيغۇغا كەلگەنگە قەدەر، ئۆز ـ ئۆزىڭىزگە تەكرار تەلقىن قىلىپ تۇرۇڭ.

ھەر ۋاقىت شىجائىتىڭىزنىڭ ئۇرغۇپ تۇرۇشى ئۈچۈن، «مەن قىلالايمەن! مەن قىلالايمەن!» دېيىش ئارقىلىق، شەك ـ شۈبھە ۋە تەشۋىشلەرنى يېڭىشقا تىرىشىڭ.

كىشىلەر «قانداقراق ئەھۋالىڭىز؟» دەپ سورىغاندا، «ئىنتايىن ياخشى!» دېيىشكە ئادەتلىنىڭ.

شۇ تاپتا ھەقىقىي ھېسسىياتىڭىزنىڭ قانداقلىقىدىن ياكى ھاياتىڭىزدا نېمىلەرگە دۇچ كېلىۋاتقان بولۇشىڭىزدىن قەتئىينەزەر، جۇشقۇن، جەڭگىۋار بولۇشقا بەل باغلاڭ. ۋىكتور فرانكلىنىڭ «ھاياتتىن مەنە تېپىش» دېگەن كىتابىدا قەيت قىلىنغىنىدەك، «ئىنسانىيەتنىڭ ئاداققى ئەركىنلىكى تاشقى شارائىتلارنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆز پوزىتسىيەسىنى تاللاش ئەركىنلىكىدۇر».

دۇچ كەلگەن مەسىلىلەر سەۋەبلىك قاقشىماڭ. ئۇلارنى قەلبىڭىزگە كۆمۈۋېتىڭ. ناتىق ئېد فورماننىڭ ئېيتقىنىدەك: «مۈشكۈلاتلىرىڭىز توغرىلىق باشقىلارغا دادلاپ يۈرمەڭ، چۈنكى كىشىلەرنىڭ زور كۆپچىلىكى ئۇ ئىشلارغا قىزىقمايدۇ، يەنە بىر قىسمى ھەتتا بېشىڭىزغا كەلگەنلەردىن شادلىنىدۇ».

ئىجابىي روھىي پوزىتسىيە شەكىللەندۈرۈڭ

مارتىن سېلىگمەن (Martin Seligman) ئۆزىنىڭ پېنسىلۋانىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى 22 يىللىق تەتقىقاتىنىڭ خۇلاسىسى ھېسابلىنىدىغان «ئۆگىنىلگەن ئۈمىدۋارلىق» دېگەن كىتابىدا، «كىشى ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي ۋە كەسپىي ئۇتۇقلىرىنى ۋە خۇشاللىقىنى روياپقا چىقىرىش ئۈچۈن يېتىلدۈرەلەيدىغان ئەڭ مۇھىم سۈپەت ‹ئۈمىدۋارلىق›تۇر. ئۈمىدۋار كىشىلەر ھاياتنىڭ ھەممە ساھەسىدە دېگۈدەك تېخىمۇ ئۇنۇمدار كېلىدۇ» دەپ يەكۈن چىقارغان.

ئۈمىدۋار كىشىلەر تۆت خىل گەۋدىلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى تەكرار مەشىق قىلىش ئارقىلىق ئۆگىنىلىدۇ.

بىرىنچىسى، ئۈمىدۋار كىشىلەر ھەرقانداق ئەھۋالدا ئىشنىڭ ياخشى تەرىپىنى ئويلايدۇ. قانداق مەسىلە كۆرۈلۈشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلار دائىم ئىشنىڭ ياخشى ياكى پايدىلىق تەرىپىنى ئىزدەيدۇ. ھەم تولىمۇ تەبىئىي ھالدا، ئۇلار دائىم شۇلارنى (يەنى ئىشنىڭ ياخشى ۋە پايدىلىق تەرەپلىرىنى) تاپالايدۇ.

ئىككىنچىسى، ئۈمىدۋار كىشىلەر ھەربىر توسقۇنلۇق ياكى مۈشكۈلاتتىكى قىممەتلىك ئىبرەت ـ ساۋاقلارنى يەكۈنلەشكە تىرىشىدۇ. ئۇلار شۇنىڭغا ئىشىنىدۇكى، «مۈشكۈلاتلار يولنى توسۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى يول كۆرسىتىش ئۈچۈن مەۋجۇتتۇر». ئۇلار ھەربىر توسقۇنلۇقنىڭ كىشىنىڭ پېشىپ

يېتىلىشىگە تۈرتكە بولالايدىغان قىممەتلىك ساۋاقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقىغا ئىشىنىدۇ ۋە شۇلارنى تېپىپ چىقىشقا بەل باغلايدۇ.

ئۈچىنچىسى، ئۈمىدۋار كىشىلەر ھەردائىم، ھەربىر مەسىلىنىڭ چارىسىنى ئىزدەيدۇ. ئۇلار چاتاق چىققانلىقىدىن قاقشاپ ـ ۋايساشنىڭ ئورنىغا، ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئۆتىدۇ ۋە «مەسىلىنىڭ چارىسى نېمە؟ بىز ھازىر نېمە قىلالايمىز؟ كېيىنكى قەدەمدە نېمە قىلىش كېرەك؟» دېگەندەك سوئاللارنى سورايدۇ.

تۆتىنچىسى، ئۈمىدۋار كىشىلەر ئىزچىل ھالدا ئۆز نىشانى ھەققىدە تەپەككۇر يۈرگۈزىدۇ ۋە توختىلىدۇ. ئۇلار كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئۆزلىرىنىڭ نېمىگە ئېرىشمەكچى ئىكەنلىكى ۋە شۇنىڭغا قانداق ئېرىشكەنلىكى بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئويلىنىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆتمۈشى توغرىسىدا ئەمەس، بەلكى كېلەچىكى ھەققىدە كاللا قاتۇرىدۇ ۋە سۆزلەيدۇ. ئۇلار ئارقىغا ئەمەس، ھەمىشە ئالدىغا قارايدۇ.

سىز نىشان ۋە غايىڭىزنى ھەرۋاقىت كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرۈپ تۇرغىنىڭىزدا، زېھنىڭىز تېخىمۇ مەركەزلىشىپ، شىجائىتىڭىز تېخىمۇ ئاشىدۇ. ئىشەنچىڭىز ئۇرغۇپ، ئىجادچانلىقىڭىز كۈچىيىدۇ.

سىز ئۆزىڭىزنى قانچە ئاكتىپ ۋە شىجائەتلىك ھېس قىلغانسېرى، ھەرىكەتكە ئۆتۈش ئىستىكىڭىز ۋە ئىشلىرىڭىزنى داۋاملاشتۇرۇش ئىرادىڭىز شۇنچە كۈچىيىدۇ.

ئۇ پاقنى يەۋېتىڭ!

1. خىيالىڭىزنى تىزگىنلەڭ. شۇنى ئېسىڭىزدە تۇتۇڭكى، كۆپىنچە ۋاقىتلاردىكى ئوي ـ خىيالىڭىز نېمىدە بولسا، سىز شۇنداق ئادەمگە ئايلىنىسىز. ئۆزىڭىز خالىمايدىغان نەرسىلەر توغرىسىدا ئەمەس، بەلكى ئۆزىڭىز ئارزۇلايدىغان نەرسىلەر توغرىسىدا ئويلىنىڭ ۋە سۆزلەڭ.

2. ئۆزىڭىزگە ۋە ئۆزىڭىز دۇچ كەلگەن ھەربىر ئىشقا تولۇق مەسئۇل بولۇش ئارقىلىق، ئىجابىي تەپەككۇر شەكىللەندۈرۈڭ. ھەرقانداق ئىشتا باشقىلارنى تەنقىدلەشتىن، ئۇلار توغرىسىدا قاقشاپ ـ ۋايساشتىن ساقلىنىڭ. باھانە كۆرسىتىشنى ئورنىغا، يۈكسىلىشكە بەل باغلاڭ. تەپەككۇرىڭىزنى ۋە ئېنېرگىيەڭىزنى ئالدىڭىزغا، يەنى ھاياتىڭىزنى ياخشىلاش ئۈچۈن نۆۋەتتە نېمىلەرنى قىلالايدىغانلىقىڭىزنى قارىتىڭ ـ دە، باشقا ئىشلارنى نەزەردىن ساقىت قىلىڭ.

تېخنىكىنىڭ قۇلى بولۇپ قالماڭ

«ھاياتتا سۈرئەتنى تېزلىتىشتىنمۇ مۇھىم ئىشلار بار» ـــ گەندى

تېخنىكا سىزنىڭ ئەڭ يېقىن دوستىڭىزمۇ، ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنىڭىزمۇ بولالايدۇ. بىز 21 ـ ئەسىرگە قەدەم قويغاندىن باشلاپ، بىزنى تەرەپ ـ تەرەپتىن ئىسكەنجىسىگە ئالغان ئۈچۈر «بومباردىمانى»غا دۇچ كەلدۇق. نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ خۇسۇسىي ۋە خىزمەت ھاياتىدا، باشقىلار بىلەن سىجىل، توختاۋسىز ئالاقىلىشىپ تۇرۇشتىن مېھرىنى ئۈزەلمەيدىغان بولۇپ قالغاندەك، ھەتتا، شۇنىڭغا خۇمار بولۇپ قالغاندەك قىلىدۇ.

ئۈزلۈكسىز، توختاۋسىز ئالاقىلىشىش ئىستىكى تورغا ئۇلانغان يانفون، پەد، كومپيۇتېر قاتارلىقلارنى سىجىل ئىشلىتىشنى تەقەززا قىلىدۇ، شۇنداقلا خىلمۇخىل ئالاقە باشقۇرۇش سىستېمىلىرى كىشىگە ئۇھ دېگۈدەكمۇ ۋاقىت قالدۇرماسلىقنىڭ كويىدا بولغاچقا، كىشىلەرنىڭ بىر ئاز دېمىنى ئېلىپ، گۈللەرنىڭ خۇشپۇرىقىنى ھىدلاشقا، ئۆز خىياللىرىنى رەتلەشكە ھەپىسلىسى يوق.

## يەنىلا تاللاش ئىمكانىيىتىڭىز بار

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئالاقە تېخنىكىسى تورنىڭ ئىچىدە ياشاپمۇ، مەزكۇر تېخنىكىلارنىڭ ئىسكەنجىسىگە چۈشۈپ قالماستىن، يۈكسەك شىجائەت بىلەن، تىنىمسىز تىرىشىپ ياشاۋاتقان ئۇنۇمدار كىشىلەر بار. ئەنە شۇلار ئۆز تۇرمۇشىنى زور دەرىجىدە كونترول قىلالىغانلاردۇر.

قىممىتى 600 مىليارد دوللاردىن ئاشىدىغان مۇقىم كىرىملىك فوندىنىڭ (fixed income funds) باشقۇرغۇچىسى بىل گروس (Bill Gross) قەرەللىك چېنىقىدىغانلىقى بىلەن ۋە ھەركۈننىڭ مۇئەييەن قىسمىدا بارلىق تېخنىكىلىق مەھسۇلاتلارنى ئېتىۋېتىپ، جىمجىت تەپەككۇر قىلىش بىلەن داڭ چىقارغان. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ بارلىق ئالاقە ئۈسكۈنىلىرىنى ئېتىۋەتكەن ئاشۇ مەزگىلدىمۇ، ھېچقانداق مۇھىم ئۇچۇردىن قۇرۇق قالمىغان.

سىز سوغۇققان، كاللىڭىز سەگەك ھالەتتە، سەۋىيەڭىزنى ئەڭ ياخشى جارى قىلدۇرالاش ئۈچۈن، بوش تۇرسىڭىز سىزنى ئىسكەنجىسىگە ئېلىۋالىدىغان تېخنىكا ۋە ئالاقە ئۈسكۈنىلىرىدىن قەرەللىك ھالدا يىراقلىشىشىڭىز كېرەك. بىر تەتقىقاتچى يۇقىرى تېخنىكىلىق ئۈسكۈنىلەرنىڭ ئىسكەنجىسىدە قالمىغان بىر تۈركۈم باش ئىجرائىيە ئەمەلدارلىرى ۋە ئىگىلىك تىكلىگۈچىلەر توغرىسىدا ئىزدىنىپ، ئۇلارنىڭ ئېپسى (بىر «ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى» دەپ كۆنۈپ كەتتۇق)نىڭ تېخىمۇ ياخشى، كىشىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇر، ئۇيقۇسىنىڭ تېخىمۇ سۈپەتلىك ۋە ھاياتىنى ئۆزگەرتكۈدەك قارارلارنى چىقىرىش ئېھتىمالىنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى ئىكەنلىكىنى بايقىغان.

زامانىۋى تېخنىكىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق مۇددىئالىرىدىن بىرى سۈرئەتنى، ئۈنۈمنى ۋە بارلىق تۈردىكى ئۇچۇر ئالماشتۇرۇشنىڭ توغرىلىق دەرىجىسىنى ئاشۇرۇشتۇر. ئەسلىدە، تېخنىكىنىڭ ۋەزىپىسى بىزنىڭ مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئورۇندىشىمىزغا ۋە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مۇھىم كىشىلەر بىلەن ئىلگىرىكىگە

قارىغانىدا تېخىمۇ تېز ۋە ئۇنۇملۇك ئالاقە قىلىشىمىزغا ياردەم بېرىش ئارقىلىق تۇرمۇش سۈپىتىمىزنى ئۆستۈرۈشىمىزگە تۈرتكە بولۇشتۇر.

لېكىن، كىشىلەر تېخنىكىلىق ئالاقە ۋاستىلىرىگە زىيادە تايىنىپ قالغاندا، تېخنىكا خۇمارى ئۇلارغا ۋەيران قىلغۇچ تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇنداق كىشىلەر سەھەردە ئويغانغاندا، تېلېفونغا ئۇچۇر كەلگەن ـ كەلمىگەنلىكىنى تەكشۈرۈۋېتىپ، ئاندىن ئورنىدىن تۇرىدۇ. كومپيۇتېردا ئۇچۇر يېزىش (ياكى قايتۇرۇش) ئۈچۈن، ناشتا قىلماستىن، بىرەر يۇتۇم سۇ ئىچمەستىن، ھەتتا چىشىنىمۇ چوتكىلىماستىن، كومپيۇتېرنىڭ ئالدىغا يۈگۈرىدۇ. بىر تۈرلۈك تەتقىقاتتا كۆرسىتىلىشىچە، كىشىلەر ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر 46 مىنۇتتا بىر قېتىم ئەقلىيفونغا ئۇچۇر كەلگەن ـ كەلمىگەنلىكىنى تەكشۈرىدىكەن (مەنچە، بۇگۈنكىلەرنىڭ بۇنداق قىلىش چاستوتىسى تېخىمۇ يۇقىرى، ت). يەنە بىر تەتقىقاتتا كۆرسىتىلىشىچە، كىشىلەر كۈنىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 85 قېتىم تېلېفونغا ئۇچۇر كەلگەن ـ كەلمىگەنلىكىنى تەكشۈرىدىغان بولۇپ، مەزكۇر تەتقىقاتتا: «كىشىلەرنىڭ تېلېفونغا قاراش چاستوتىسى ئۆزلىرى ئويلىغاندىن ئىككى ھەسسە يۇقىرى» دېيىلگەن.

### خۇمار بولۇپ قالماڭ

يېقىندا، ۋاشىنگتوندا، يۇقىرى دەرىجىلىك دىرېكتورلار بىلەن تولغان بىر زالدىكى چۈشلۈك زىياپەتكە داخىل بولدۇم. زىياپەت باشلىنىشتىن ئىلگىرى، زىياپەتنى ئورۇنلاشتۇرغانلاردىن بىرى ئورنىدىن تۇرۇپ قىسقىچە دۇئا قىلدى. ھەممەيلەن بېشىنى تۆۋەن قىلىپ تۇرۇشتى. دۇئا ئاياغلاشقاندا، زىياپەت رەسمىي باشلاندى.

ھالبۇكى، مەن ئولتۇرغان ئۈستەلدىكى سەككىز كىشىدىن تۆت ـ بەشى دۇئادىن بەك تەسىرلىنىپ كەتكەنمۇ ياكى ئاللىقانداق چوڭقۇر سوئاللار توغرىسىدا خىيالغا پاتقانمۇ ئەيتاۋۇر، تاماقلار تارتىلغاندىمۇ ھېچ بېشىنى كۆتۈرىدىغاندەك قىلمايتتى.

ئاندىن، مەن ئۇلارنىڭ ھېچبىرىنىڭ دۇئا قىلمايۋاتقانلىقىنى، ئەكسىچە يانفونلىرىدىن كۆزىنى ئۈزمەي، ئېلخەت يوللاش ـ كۆرۈش ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. ئۇلارنىڭ شۇ چاغدىكى توختىماستىن كونۇپكا بېسىۋاتقان تۇرقى خۇددى يوقىتىپ ۋىدىيولۇق ئويۇنلارنى ئويناۋاتقان ياش باللارنىڭكىگە ئوخشايتتى. ئۇلار ئاللىكىملەر ــ ھەتتا، ئاشۇ زالدىكى بەزى كىشىلەر ــ بىلەن تىنىمسىز ئۇچۇرلىشىش سەۋەبلىك، ئەتراپىدىكى دۇنيانى ئۇنتۇپلا كەتكەندى. ھالبۇكى، ئۇلار (ئۆزلىرىمۇ تۇيماستىن) تېخنىكىلىق قىلتاققا چۈشكەن بولۇپ، توختاۋسىز ئۇچۇر ئالماشتۇرۇلۇپ تۇرىدىغان ئۇچۇر سازلىقىغا پېتىپ كېتىۋاتاتتى.

**ۋاقتىڭىزنى قايتۇرۇپ كېلىڭ**

ئامېرىكىدىكى 19 شتاتتا تارقاتقۇچىلىرى بار بىر خېرىدارىم ئۆزىنىڭ كومپيۇتېرغا باغلىنىپ قالغانلىقىنى، كۆنبويى ئېلخەت كۆرۈش ۋە قايتۇرۇش ئۈچۈن سائەتلەپ ۋاقىت سەرپ قىلىدىغانلىقىنى؛ شۇنداقلا، كومپيۇتېرىنىڭ ئالدىدا قانچە كۆپ ۋاقىت ئاجراتقانسېرى، باشقا مۇھىم ئىشلىرىنىڭ شۇنچە ئاقساپ قالىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

تاماملانمىغان ئىشلار سەۋەبلىك شەكىللەنگەن بېسىم بارغانسېرى ئەۋجىگە چىققان قار كۆچكۈنىگە ئوخشاش، ئۇنىڭ خاراكتېرىغا، سالامەتلىكىگە ۋە ئۇخلاش ئادىتىگە تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىغانىدى.

ئۇنىڭغا 80/20 پىرىنسىپىنى ۋە بۇ پىرىنسىپنىڭ ئېلخەت كۆرۈش ـ قايتۇرۇش خىزمىتىگە قانداق تەدبىقلىنىدىغانلىقىنى؛ ئېلخەتلەرنىڭ سەكسەن پىرسەنتىنىڭ ھېچقانداق قىممىتى يوقلۇقى سەۋەبلىك، ئېچىپ كۆرۈشىڭىزمۇ ھاجىتى يوقلۇقىنى ۋە دەرھال ئۆچۈرۈۋېتىلىشى كېرەكلىكىنى چۈشەندۈردۇق.

قالغان يىگىرمە پىرسەنت ئېلخەتنىڭمۇ يىگىرمە پىرسەنتى، يەنى، ئومۇمىي ئېلخەتنىڭ تۆت پىرسەنتىلا دەرھال جاۋاب قايتۇرۇشقا تېگىشلىك ئېلخەتلەر ئىدى. (تاللانغان يىگىرمە پىرسەنت ئېلخەتنىڭ ئىچىدىكى) قالغان 16 پىرسەنت ئېلخەتنى ۋاقتىنچە نەزەردىن ساقىت قىلىپ، كېيىنچە ئالدىرىماي كۆرۈشكە بولاتتى.

**قۇل بولۇپ قالماڭ**

ئۆزىڭىزنى كومپيۇتېر (ۋە تېلېفون)نىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلدۇرۇڭ. ئۆزىڭىز ئۈچۈر تاپشۇرۇۋېلىشنى خالىمايدىغان بارلىق يۇمشاق دېتاللاردىن كېلىدىغان ئۇقتۇرۇشلارنى ئېتىۋېتىڭ (ھەتتا، مۇمكىن بولسا ۋاقىت ئالىدىغان يۇمشاق دېتاللارنى ئۆچۈرۈپ تاشلاڭ، ت). ئېلخەتلەرگە تۆۋەندىكى ئۇچۇرنى ئاپتوماتىك قايتۇرۇلىدىغان قىلىپ قويۇڭ: «ئېلخەت ساندۇقىمغا كۈندە ئىككى قېتىملا قارايمەن. ئۇچۇرىڭىزنى كۆرگەن ھامان، ئىمكانقەدەر تېز جاۋاب قايتۇرۇشقا تىرىشىمەن. ئەگەر جىددىي ئىشىڭىز بولسا، ماڭا تېلېفون قىلىڭ».

«بايلىق» ژۇرنىلىدىكى بىر مۇخبىرنىڭ يېقىنقى يازمىسىدا ئېيتىشىچە، ئۇ ئىككى ھەپتىلىك دەم ئېلىشنى ئاياغلاشتۇرۇپ خىزمىتىنى باشلىغاندا، ئۆزىگە يەتتە يۈز پارچە ئېلخەت كەلگەنلىكىنى بايقىغان. ئۇ بۇ ئېلخەتلەرنىڭ ھەممىسىنى تەپسىلىي كۆرۈپ چىقىشقا بىر ھەپتە ۋاقىت كېتىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا بۇ جەرياندا باشقا مۇھىم ئىشلارنى قىلىشقا ۋاقىت ئاجرىتالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلغاندىن كېيىن، چوڭقۇر بىر تىنىۋەتكەندىن كېيىن، قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، كەسپىي ھاياتىدا تۇنجى قېتىم «ھەممىسىنى ئۆچۈر» كونۇپكىسىنى بېسىپ، بۇ ئېلخەتلەرنى تەلتۆكۈس ئۆچۈرۈۋەتكەن ھەمدە ئۆزى ۋە شىركەت ئۈچۈن ھەقىقىي مۇھىم بولغان ئىشلارنى قىلىشقا باشلىغان.

ئۇ ئۆزىنىڭ بۇنداق قىلىشىدىكى سەۋەبنى ئاددىيلا قىلىپ مۇنداق چۈشەندۈرگەن: «مەن كىشىلەرنىڭ ماڭا ئېلخەت ئەۋەتكەنلىكى ئۈچۈنلا، ھاياتىمنىڭ بىر بۆلۈكىنى ئىگىلىۋېلىشقا ھەقلىق بولۇپ قالمايدىغانلىقىدىن ئىبارەت رېئاللىقنى تونۇپ يەتتىم». گەرچە، ئېلخەت ساندۇقىدىكى ئۇچۇرلارنىڭ ھەممىسنى ئۆچۈرۈۋېتەلەيدىغانلار ئانچە كۆپ بولمىسمۇ، لېكىن سىز ھازىرقىدىن تېخىمۇ كۆپ ئېلخەت (ۋە باشقا ئۇچۇر)لارنى ئۆچۈرۈۋەتسىڭىز ياكى نەزەردىن ساقىت قىلسىڭىز بولىدۇ. مۇھىم بولمىغان ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەتكە ئالاقىدار بولمىغان بارلىق ئۇچۇرلارنى ئۆچۈرۈۋېتىش خۇسۇسىدا ئۆز ـ ئۆزىڭىزگە «ھوقۇقى» بېرىڭ.

كىشىلەر دائىم مەندىن: «لېكىن، سىز خەۋەرلەردىن ۋاقىپلىنىپ تۇرۇش ئۈچۈن، گېزىت ئوقۇشقا، رادىيو ئاڭلاشقا ۋە تېلېۋىزور كۆرۈشكە مەجبۇر بولمامسىز؟» دەپ سورىشىدۇ.

مەن ئۇلارغا: «ئەگەر ھەقىقەتەن مۇھىم ئىشلار يۈز بەرسە، چوقۇم ئۇنى سىزگە ئېيتىپ بېرىدىغان ئادەم چىقىدۇ» دەپ جاۋاب بېرىمەن.

نۇرغۇن كىشىلەر خەۋەر تور بەتلىرىنى كۆرمەيدۇ ـ يۇ ــ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ھالدا ــ يەنىلا ئەڭ مۇھىم ئۆزگىرىشلەردىن خەۋەر تېپىپ تۇرىدۇ. سىزمۇ دەل شۇنداق قىلىشىڭىز كېرەك.

ئۇ پاقىنى يەۋېتىڭ!

1. بۈگۈندىن باشلاپ، كۆنلۈك پائالىيەتلىرىڭىزدە، «تىنچ بوشلۇق» يارىتىشقا بەل باغلاڭ. بارلىق تېخنىكىلىق ئالاقە ئۈسكۈنىلىرىڭىزنى ئەتىگەندە بىر سائەت، چۈشتىن كېيىن بىر سائەت ئېتىپ قويۇشقا ئادەتلىنىڭ. شۇ جەرياندا نېمە ئىشلارنىڭ يۈز بەرگەنلىكىدىن ھەيران قالىسىز. چۈنكى، (سىز تېلېفونلىرىڭىزنى ئېتىپ قويغان تەقدىردىمۇ) ھېچبىر ئىش يۈز بەرمەيدۇ.

2. ھەر ھەپتىدە بىر كۈن تېخنىكا دۇنياسىغا، جۈملىدىن كومپيۇتېرغا، يانفونغا يېقىن يولىماسلىققا بەل باغلاڭ. رەقەملىك دۇنيادىن خالىي ئۆتكەن شۇ كۈنى ئاخشىمى زېھنىڭىز سۈزۈكلىشىپ، راھەتلەپ قالىدۇ. روھىي باتارىيەڭىزگە توك قاچىلاشقا ۋاقىت ئاجراتسىڭىز، پاقىنى يەۋېتىش ئۈنۈمىڭىز تېخىمۇ ئاشىدۇ.

براين چېيسىنىڭ «ئۇ پاقىنى يەۋېتىڭ» ناملىق ئەسىرىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى



# قەشقەردىكى يېڭىچە مەكتەپلەرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ھەققىدە

ئايسىمان ياسىن

# قەشقەردىكى يېڭىچە مەكتەپلەرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ھەققىدە

ئايسىمان ياسىن

**(ئىستانبۇلدىكى خانىم ـ قىزلار ئىلىم چېيىدىن تاللانغان ماقالىلەر)**

**قەشقەر ـ تارىخنىڭ قەدىمىيلىكى، ئۇيغۇرلارنىڭ مىڭ يىللىغا يېقىن سىياسىي ۋە مەدەنىيەت مەركىزى بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي، مەدەنىيەت، ئىلىم ـ مائارىپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت، قول ـ ھۈنەرۋەنچىلىك، تىجارەت قاتارلىق بارلىق ساھەلەردە تولىمۇ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. بولۇپمۇ قاراخانىيلار دەۋرىدە پايتەخت بولغان قەشقەر پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەڭ مۇھىم ئىقتىسادى، سىياسىي، مەدەنىي ۋە مائارىپ مەركىزىگە ئايلانغان. قاراخانىيلار دەۋرىدە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئوينىغان ئامىللاردىن بىرى ـ مەدرىسىلەر بولدى. بۇ مەدرىسىلەر گەرچە ئىسلام دىنىي مەدرىسىلىرى بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئىلىم ـ پەن ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش ئورنى بولۇش بىلەن خاراكتېرلىنەتتى. قەشقەردە قۇرۇلغان مەدرىسىلەر ئۆز دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ئالىملار، شائىرلار ئىلمىي پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان مەركەزگە ئايلانغانىدى. قەشقەردە ئەڭ بۇرۇن قۇرۇلغان مەدرىس ـ سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان تەرىپىدىن قۇرۇلغان «ساجىيە مەدرىسىسى» بولۇپ، ئۇ ئەينى يىللىرى پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە تونۇلغان يۇقىرى بىلىم يۇرتلىرىدىن بىرى ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا قەشقەر دۆلەتباغدا قۇرۇلغان «ھەمدىيە مەدرىسىسى»، قاراخانىيلار تەرىپىدىن ئوپالدا قۇرۇلغان مەھمۇد قەشقەرى نامىدىكى «مەھمۇدىيە مەدرىسىسى» مۇ قەشقەردىكى تونۇلغان ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدىن ئىدى. مەھمۇد قەشقەرى ئۇستازىم دەپ ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالغان ھۈسەيىن ئىبنى خەلەف قەشقىرى «ھەمدىيە مەدرىسىسى» دە مۇدەررىسلىك قىلغان. مەھمۇد قەشقىرىمۇ ھاياتىنىڭ ئاخىرىدا «مەھمۇدىيە مەدرىسىسى» دە سەككىز يىل مۇدەررىسلىك قىلىپ «ئىلىمگە ھۆددىگەر پىرىم» دېگەن شەرەپلىك نام بىلەن ئۇلۇغلانغان.**

**قىسقىسى، بۇ مەدرىسىلەر ئارقىلىق ئىلىم ـ مەرىپەتكە تويۇنغان قەشقەردە ئىلىم ساھىبلىرى ۋە تالىپلىرى ئىنتايىن كۆپ بولغان. جامالىدىن كاشغەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد قەشقەرىگە ئوخشاش كۆپلىگەن ئەدىب ـ ئالىملار، ئىمامىدىن قەشقەرىدەك تىببىي ئالىملار يېتىشىپ چىققان.**

10 ـ ئەسىردىكى خىتاي ئەلچىسى ۋە جاسۇسى ۋاڭ يەندى ئۆزىنىڭ «ۋاڭ يەندىنىڭ ئۇيغۇر رايونىغا ساياھىتى» ناملىق ساياھەتنامىسىدە قەشقەردە ناھايىتى چوڭ كۇتۇپخانا ۋە ئېگىز پەشتاقلىق ئالىي بىلىم يۇرتلىرىنى كۆرگەنلىكىنى ئېيتقان بولسا، 1217 ـ يىلى ۋەتىنىمىزگە بارغان ياۋروپالىق سەيياھ ماركوپولو ئۆزىنىڭ «ماركوپولونىڭ ساياھەتنامىسى» ناملىق كىتابىدا قەشقەردە چوڭ كۆلەملىك ئالىي بىلىم يۇرتلىرىنى كۆرگەنلىكىنى قەيت قىلغان. 13 ـ ئەسىردە ياشىغان ئىران مۇتەپەككۇرى ۋە شائىرى شەيخ سەئىدى مەشھۇر ئەسىرى «گۇلىستان»دا ئۆزىنىڭ قەشقەرگە كېلىپ، بۇ يەردىكى ئىلىم يۇرتلىرىنى كۆرگەنلىكىنى ۋە قەشقەر خەلقىنىڭ ئىلىم ئىگىلىرىنى ئاجايىپ ھۆرمەتلەيدىغانلىقىنى بايان قىلغان. بۇ مەدرىسىلەردىن باشقا 20 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىغىچە قەشقەردە قۇرۇلغان ۋە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان مەدرىسىلەر: خانلىق مەدرىسى، قازانچى مەدرىسىسى، ھېيتگاھ مەدرىسىسى، كەنجازا مەدرىسىسى، ئەراخان تۆرەم مەدرىسىسى، ساچ مەدرىسىسى، ساقىيە مەدرىسىسى، ۋاڭلىق مەدرىسىسى، لاي پەشتاق مەدرىسىسى، توقام مەدرىسىسى، كەسكەن يار مەدرىسىسى، دورغابەگ مەدرىسىسى، چاسا مەدرىسىسى، شاپولات بەگ مەدرىسىسى، تاجى ھېكىمبەگ مەدرىسىسى قاتارلىقلار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە قازانچى مەدرىسىسىنىڭ تارىخى 800 يىلدىن ئاشىدۇ. بۇ مەدرىسىلەر 900 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە يالغۇز قەشقەر خەلقى ۋە ۋەتىنىمىزنىڭ باشقا دىيارلىرىدىن كەلگەن ئىلىم ئىگىلىرىنى تەربىيەلەپلا قالماي، ئوتتۇرا ئاسىيادىن ۋە ھىندىستان، ئىراق، ئىران قاتارلىق باشقا جايلاردىن كەلگەن نەچچە مىڭلىغان تالىپلارنىمۇ ھەرخىل ئىلىملەر بىلەن تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈپ چىققان.

ئاتۇش ئىكساقتا تۇنجى پەننىي مەكتەپ كېرىم خەلپىتىم تەرىپىدىن 1888 ـ يىلى ئېچىلغىنىغا قارىماي، قەشقەردە پەننىي مەكتەپلەرنىڭ ئېچىلىشى بىر قەدەر كېيىن بولغان. 1913 ـ يىلى قەشقەر شەھىرى جانان كوچىسىدىكى يۈسۈپ ئاخۇن دېگەن كىشىنىڭ ھويلىسىدا تۇنجى بولۇپ بىر سىنىپلىق پەننىي مەكتەپ ئېچىلغان. ھېساب (ماتېماتىكا) ئانا تىل (گراماتىكا) ئەدەبىيات ۋە ئەخلاق دەرسى ئۆتۈلگەن. بۇ قەشقەردە قۇرۇلغان تۇنجى پەننىي مەكتەپ ئىدى. يەنە شۇ يىلى، قەشقەردىن 40 نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى تاشمىلىق يېزىسىدىمۇ بىر سىنىپلىق پەننىي مەكتەپ ئېچىلغان. ئەپسۇسكى، ئۇ دەۋردىكى مانجۇ ھاكىمىيىتىنىڭ يېڭىچە مائارىپقا قارشى چىقىشى ۋە ئۇيغۇر مۇتەئەسسىپ كۈچلىرىنىڭمۇ بۇنىڭغا ھە ـ ھۇ دېيىشىشى نەتىجىسىدە، بۇ مەكتەپلەر تېزلا تاقىلىپ كەتكەن. مۇشۇنداق قىيىن ئەھۋال ئاستىدا بىر قىسىم ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەر كۆزدىن سەل يىراق بولغان، قەشقەر شەھىرىگە 20 كىلومېتىردەك يىراقلىقتىكى ئۈستۈن ئاتۇش ئىكساق مەكتىپىنى كېڭەيتىشنى مەقسەت قىلغان ۋە باۋۇدۇن مۇسابايى بىلەن پىكىر بىردەكلىكى ھاسىل قىلغان. 1914 ـ يىلى ئىكساق يېزىسىدا مەكتەپ بىناسى، دەرسخانا، ياتاقخانا ۋە تاماقخانىدىن تەشكىل تاپقان تۇنجى باشلانغۇچ دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى ئېچىلغان. (بۇ چاغدا ئۈستۈن ئاتۇش قەشقەر كونا شەھەر رايونىغا قاراشلىق يەر ئىدى. 1940 ـ يىلى ئاتۇش يېرىم ناھىيە بولغاندىن باشلاپ ئاتۇش ناھىيەسىگە تەۋە بولغان). مەكتەپنىڭ ئوقۇش مۇددىتى ئۈچ يىل بولۇپ، تىل ـ

ئەدەبىيات، ھېساب، رۇس تىلى، دىن دەرسى، تەبىئەت، تەنتەربىيە، رەسىم ۋە غەزەل دەرسلىرى سىستېمىلىق ئۆتۈلەتتى. بۇ مەكتەپتە يەنە مىخ مەتبەئەدە ئېلىپبە كىتابى باستۇرۇلغانىدى. ئەينى دەۋردە بۇ مەكتەپ سابىت داموللام ۋە ئابدۇقادىر دامولامدەك تەرەققىيپەرۋەر ۋە مىللەتپەرۋەر ئابرۇيلۇق شەخسلەرنىڭ زور قوللىشىغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، بۇ مەكتەپ ئەينى ۋاقىتتىكى قەشقەرنىڭ دوتىيى ماشاۋۋۇنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغاچقا، قەشقەرنىڭ بايلىرى بۇ مەكتەپنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، شۇ مەكتەپكە قوشۇپ قەشقەردە ئىككى يەردە خىتايچە مەكتەپ ئېچىشنى تەلەپ قىلغان ۋە شۇ ئارقىلىق مەزكۇر مەكتەپنى ساقلاپ قالغان. نەتىجىدە قەشقەر يارباغ گۈزەر مەھەللىسىدىكى «دۇمباخانا» دەپ ئاتالغان دۆڭلۈكتە بىر سىنىپلىق «دى يى شۆتاڭ»، ئېكساق يېزىسىدا «دى ئېر شۆتاڭ» دېگەن مەكتەپلەر ئېچىلغان ۋە بۇلار قەشقەر مائارىپ تارىخىدىكى تۇنجى «شۆتاڭ»لار بولۇپ قالغان.

ئۇنىڭدىن باشقا قەشقەرلىك داڭلىق باي ئابدۇرېھىم بايۋەچچە 1921 ـ يىلى ھازىرقى قەشقەر ۋىلايەتلىك نېفىت شىركىتىنىڭ ئورنىدا 6 سىنىپلىق بىر يېڭىچە مەكتەپ ئاچقان. 1922 ـ يىلى ئابدۇقادىر دامولامنىڭ شاگىرتلىرىدىن بىرى بولغان مەھمەتخان قەشقەر يارباغدا مۆيدىن ھاجىمنىڭ تەشەببۇسى بىلەن بىر مەكتەپ ئېچىپ، يېڭىچە ئۇسۇل بىلەن دەرس ئۆتۈشكە باشلىغان. بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا 100 دىن ئېشىپ كەتكەن. 1930 ـ يىلى قەشقەرلىك ئابدۇللاھ ئاخۇن بايۋەچچە تىجارەت يۈزىسىدىن تۈركىيەگە بارغان ۋە قايتىشىدا تۈركىيەدە تونۇشقان ئەھمەد فەرىد ئابباس ئىسىملىك بىر تۈرك كىشىنى باشلاپ كېلىپ، قەشقەر شەھىرىنىڭ ھازىرقى يارباغ 6 ـ باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئورنىدا يېڭىچە مەكتەپ ئاچقان ۋە ئەھمەد فەرىد ئابباس بۇ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. شۇ يىللاردا يەنە قەشقەردىكى داڭلىق ئۆلىما قاسىم ھاجى خەلپىتىممۇ ئاۋۋال قەشقەر نەزەرباغدا، كېيىنچە غوجى چوڭنىڭ قۇملۇقىدا يېڭىچە مەكتەپ ئاچقان ۋە مەۋسۇملۇق، يىللىق ئىمتىھان ئېلىش تۈزۈمىنى تۇنجى بولۇپ يولغا قويغان. بۇ مەكتەپلەر كېيىنچە «قاسىم ھاجىنىڭ مەكتىپى» دەپ ئاتالغان.

1933 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نىڭ قۇرۇلۇش ھارپىسىدا قەشقەر رەسمىي ھالدا ئۇيغۇرلارنىڭ قولىغا ئۆتكەن. ئەسىرلەردىن بېرى، ئىلىم ـ مەرىپەتكە ئاشنا بولۇپ ياشاپ كەلگەن قەشقەر خەلقى بۇ چوڭ تارىخىي پۇرسەتنى ئىنتايىن چىڭ تۇتۇپ، مائارىپنى قايتا گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن ئابدۇكېرىم مەخسۇم، ئىبراھىم بايۋەچچە، ئەمەت پاختا (ھازىرقى ئامېرىكادا ياشاۋاتقان 80 نەچچە ياشلىق غۇلامىدىن پاختىنىڭ دادىسى شۇ) قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان 8 كىشىلىك بىر مائارىپ ھەيئىتى قۇرۇپ چىققان. 1933 ـ يىلى 6 ـ ئايدا قەشقەر نوبېشىدىكى كونا بۇتخانىنى چېقىپ تاشلاپ ئورنىغا 20 سىنىپلىق بىر مەكتەپ سالغان. (ھازىرقى قەشقەر شەھەرلىك 5 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ شۇ). دەسلەپكى قارارىدىلا 600 ئوقۇغۇچىنى قوبۇل قىلغان. 1934 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ما فۇيۈەن قەشقەرگە بېسىپ كىرىپ بىگۇناھ 6000 دىن كۆپ قەشقەر خەلقىنى قىرغىن قىلىشى بىلەن بىللە، بۇ مەكتەپمۇ ۋاقىتلىق توختاپ قالغان. شۇ يىلى 6 ـ ئايدا مەھمۇت مۇھىتىنىڭ قەشقەرگە يېتىپ

كېلىشى بىلەن تەڭ بىر مەھەل توختاپ قالغان قەشقەر مائارىپى قايتا جانلىنىشقا باشلىغان. مەھمۇت مۇھىتىنىڭ بىۋاستە يېتەكچىلىكىدە قەشقەرنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى دېڭىزبىيە جايلاشقان گۈلباغ دېگەن يېرىگە يېڭىچە بىر پەننىي مەكتەپ قۇرۇلغان. (بۇ جاي ھازىرقى قەشقەر خەلق مەيدانىنىڭ يېنىغا جايلاشقان شەھەرلىك ساقچىخانىنىڭ قورۇسى دەل شۇ). مەكتەپ تۇنجى قېتىمدا ھەربىيلەرنىڭ ۋە خەلقنىڭ بالىلىرىنى قوشۇپ 600 گە يېقىن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغان. بۇنىڭدىن باشقا يەنە شۇ يىلى يەركەن ناھىيەسىنىڭ شەھەر ئىچى مانجۇ كۆل بېشىدىكى ئىمىن بەگنىڭ گۈللۈك قورۇسىدىمۇ يېڭىچە بىر پەننىي مەكتەپ ئېچىلغان ۋە 240 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنغان. 1934 ـ يىلى 8 ـ ئايغا كەلگەندە قەشقەردىكى تارىخىي مەدرىسە ۋاڭلىق مەدرىسىسىنىڭ يىغىلغان ۋەخپە كىرىمى بىلەن شۇ مەدرىسىنىڭ ئورنىغا يېڭىچە بىر دارىلمۇئەللىمىن بىنا قىلىنغان. (ھازىرقى قەشقەر شەھەرلىك 1 ـ باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئورنى دەل شۇ). يەنە شۇ يىلى مەھمۇت مۇھىتىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن «قەشقەر ئىسلاھ مەدرىس ۋە مەسجىد ھەيئىتى» يەنى قەشقەردىكى مەدرىس ۋە مەسچىت ئىشلىرىنى ئىسلاھ قىلىش ھەيئىتى قۇرۇلدى. قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا مەدرىسلەرنىڭ ئوقۇتۇشىنى ئىسلاھ قىلىپ، قەشقەردىكى خانلىق مەدرىس ئورنىغا «دارۇلئۇلۇم» يەنى ئالىي بىلىم يۇرتى تەسىس قىلغان. دەرسلىكلىرىگە بولسا ئالگېبرا، گېئومېتىرىيە، جۇغراپىيە قاتارلىق دەرسلەرنى قوشقان. 1934 ـ يىلى 10 ـ ئايدا دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنىڭ قۇرۇلۇشى داۋاملىشىۋاتقان پەيتتە يارباغدا (ھازىرقى قەشقەر كەيپىۋەن سودا شەھەرچىسىنىڭ ئورنىدا) ئىككى ئايلىق مۇئەللىملەر كۇرسى ئېچىلغان ۋە 100 ئوقۇتقۇچى ئىمتىھان ئارقىلىق تەربىيەلەشكە قوبۇل قىلىنغان (بۇ قەشقەردىكى تۇنجى قېتىملىق مۇئەللىم تەربىيەلەش كۇرسى ئىدى). 1934 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئوردا ئىشىكىدىكى قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن بىناسى پۈتتى ۋە قەشقەر ۋىلايىتىگە قاراشلىق جايلاردىن 200 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلدى. كېيىنچە ئاقسۇ، خوتەن، تۇرپان، توقسۇن ۋە قۇمۇلدىن 18 ياشتىن 45 ياشقىچە بولغان ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلىپ ئوقۇتتى ۋە ئوقۇش مۇددىتى 9 ئاي ئىدى. مەكتەپ ئورنى تارلىق قىلغانلىقتىن 1936 ـ يىلى نەزەرباغقا كۆچۈرۈلدى. (بۇ مەكتەپ 1963 ـ يىلدىن باشلاپ قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى بولۇپ قالدى). شۇ يىلدىن باشلاپ بىر تۈركۈم قىز ـ ئاياللارنىمۇ قوبۇل قىلىشقا باشلىدى. قوبۇل قىلىنغان قىز ـ ئاياللار ئۈچۈن قەشقەر شەھرىنىڭ پۈلخانا دېگەن يېرىگە مەخسۇس مەكتەپ سېلىندى ۋە بۇ مەكتەپ «دارىلمۇئەللىمات» دەپ ئاتالدى. بۇ قەشقەر مائارىپ تارىخىدىكى يەنە بىر قېتىملىق تۇنجى ئىش ئىدى.

قەشقەردە قۇرۇلغان دارىلمۇئەللىمىن 1936 ـ يىلدىن 1949 ـ يىلغىچە 3457 نەپەر ئوقۇتقۇچى تەربىيەلىدى ۋە بۇ ئوقۇتقۇچىلار شەرقىي تۈركىستاننىڭ پۈتۈن جايلىرىدا مائارىپ ـ ئاقارتىش ئىشلىرىدا باشلامچىلاردىن بولۇپ قالدى.

1942 ـ يىلى قەشقەردە تۇنجى بولۇپ تاجىكلار مەكتىپى قۇرۇلدى ۋە تاشقورغاندىن 150 نەپەر ئوقۇغۇچى دەسلەپكى قەدەمدە ئوقۇش باشلىدى. مەكتەپنىڭ ئورنى ھازىرقى نەزەرباغ مېيىپلەر ساناتورىيەسىنىڭ ئورنىدا ئىدى.

**پايدىلانغان ئەسەرلەر:**

**كونىۋر ئالىپ ئەرجىلاسىۋن: تارىخنىڭ ئەڭ قەدىمكى دەۋرلىرىدىن 19 ـ ئەسىرگىچە  قەشقەر**

**مەھمۇد قەشقەرى: تۈركىي تىللار دىۋانى 1 ـ جىلد**

**رىشات گەنچ: مەھمۇد قەشقەرىگە كۆرە 11 ـ ئەسىردىكى تۈرك دۇنياسى**

**ئۆزكان ئىزگى: ۋاڭ يەندىنىڭ ئۇيغۇر ئېلىگە ساياھىتى**

**ماركوپولو: ماركوپولونىڭ ساياھەتنامىسى**

**شەيخ سەئىدى: گۈلىستان**

**ئازاد سۇلتان: ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى، 1 ـ جىلد**

**ئابدۇللا تالىپ: ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدىن ئوچېرىكلار**

**ئابدۇللا تالىپ: ئۇيغۇر مائارىپ تارىخى**

**ئابدۇرېھىم توختى: قەشقەرنىڭ يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان مائارىپ تارىخى**

**مىرئەزەم: ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدىكى ئۆچمەس يۇلتۇزلار**

**مىرەخمەت سېيىت: ئاتۇش ئېكساق مائارىپى ۋە مەمتىلى تەۋپىق**

**شىرىپ خۇشتار: شىنجاڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى مەشھۇر شەخسلەر**

**ئابدۇرېھىم سابىت: قەشقەردىكى تۇنجى قىز ـ ئاياللار مەكتىپى توغرىسىدا ئىزدىنىشلىرىم**

**شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرىنىڭ 3 ـ ، 11ـ ، 34 ـ ، 42 ـ سانلىرى**


مەدەنىيىتىمىزدە ئىسلام
ئىسلامدا ئاتا-ئانىنى ھۆرمەتلەش ھەققىدىكى كۆرسەتمىلەر
ھېكمەتيار ئىبراھىم

# ئىسلامدا ئاتا ـ ئانىنى ھۆرمەتلەش توغرىسىدىكى كۆرسەتمىلەر

ھېكمەتيار ئىبراھىم

ئىسلامدا ئاتا ـ ئانىغا ئىتائەت قىلىش ۋە ئۇلارنى ھۆرمەتلەش ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىشتىن كېيىنكى ئەڭ چوڭ پەرز قىلىپ بەلگىلەنگەن. ئىسلامدا ئاتا ـ ئانىنى رازى قىلىش كىشىنى جەننەتكە ئېلىپ كىرىدىغان ئەڭ چوڭ سەۋەبلەردىن بىرىدۇر؛ ئاتا ـ ئانىنى نارازى قىلىش، ئۇلارنى قاقشىتىش ئەڭ چوڭ گۇناھلاردىن بىرىدۇر. ئىسلامدا ئاتا ـ ئانىنى ھۆرمەتلەش، ئۇلارنىڭ بۇيرۇقلىرىغا ئىتائەت قىلىش، ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىپ بېرىش، ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش، سۆز ۋە ھەرىكەتتە ئۇلارغا يۇمشاق بولۇش، ئۇلارنى رازى قىلىشقا، خۇشال قىلىشقا تىرىشىش قاتارلىقلار پەرزەنتلەر ئۆچۈن پەرز ئەين ھېسابلىنىدۇ. كىم ئىسلامنىڭ بۇ پرىنسىپلىرىغا رىئايە قىلسا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە مۇكاپاتقا ئېرىشىدىغانلىقىنى، كىم بۇ پرىنسىپلارغا خىلاپلىق قىلىپ، ئاتا ـ ئانىسىنى قاقشاتسا، ئۇلارغا ھۆرمەتسىزلىك قىلسا، ئۇلارغا تىل تەگكۈزسە، سىلكىشلىسە، ئۇلارغا ئازار بەرسە — بۇنداق كىشىنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە لەنەتكە، بەختسىزلىككە ۋە جازاغا دۇچار بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىلگەن.

بۇ ماقالىدە ئىسلامنىڭ ئاتا ـ ئانىلارنى ھۆرمەتلىشنىڭ پەرزلىكى، ئاتا ـ ئانىغا ھۆرمەتسىزلىك قىلىپ، ئۇلارنىڭ قاقشىتىشىنىڭ ھاراملىقى ۋە ئاللاھنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرىدىغان ئەڭ چوڭ گۇناھلاردىن بىرى ئىكەنلىكى، شۇنداقلا ئاتا ـ ئانىغا قانداق ھۆرمەت كۆرسىتىلىدىغانلىقى، ئاتا ـ ئانىغا قانداق مۇئامىلىلەرنى قىلىشنىڭ ئېغىر گۇناھ ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان بولۇپ، ھەر بىر ئاتا ـ ئانىنىڭ بۇ ماقالىنى بىر قېتىم ئوقۇپ چىقىشى، ئاندىن پەرزەنتلىرىگە ئوقۇتۇشى تەۋسىيە قىلىنىدۇ. ھەر بىر پەرزەنتنىڭ بۇ ماقالىدىكى كۆرسەتمىلەرنى ئورۇنداپ، ئاتا ـ ئانىسىغا كۆيۈمچان پەرزەنت بولۇشى، بۇ ئارقىلىق دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى بەخت سائادەتكە ئېرىشىشى ئۈمىد قىلىنىدۇ.

ماقالىدە نەقىل قىلىنغان ھەدىسلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنى توپلاش ۋە باھالاشتا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دېگەنلىكى يۈزدە يۈز ئېنىق بولغان سەھىھ ھەدىسلەرنى دىن دۈشمەنلىرىنىڭ ۋە جاھىل بىدئەتچىلەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نامىدا توقۇۋالغان يالغان ھەدىسلەردىن ئايرىشقا پۈتۈن ئۆمرىنى ئاتىغان ۋە مال ـ مۈلكىنى سەرپ قىلغان، تەقۋادار ۋە ئۈستۈن مەرتىۋىلىك ھەدىس ئالىملىرى تەرىپىدىن سەھىھ دەپ باھالانغان ھەدىسلەر بولۇپ، ماقالىدە جاھىل بىدئەتچىلەر پەيغەمبەر

ئەلەيهىسسالامنىڭ نامىدا توقۇۋالغان يالغان ھەدىسلەرگە، ياكى رەسۇلۇللاھنىڭ سۆزلىگەنلىكى يۈزدە يۈز ئىسپاتلانمىغان، يېنىك زەئىپلىك بار دەپ باھالانغان ھەدىسلەرگە ئورۇن بېرىلمىدى.

## ئاتا ـ ئانىنى ھۆرمەتلەش ۋە ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشنىڭ ئىسلامدا پەرز قىلىنغانلىقى توغرىسىدا

ئاللاھ قۇرئاندا پەرزەنتلەرنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشنى بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: {بىز ئىنسانىنى ئاتا ـ ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇدۇق. ئانىسى ئۇنى (قورسىقىدا) ئۇستى ـ ئۇستىگە ئاجىزلىق بىلەن كۆتۈردى. ئىككى يىلدا ئۇنى ئەمچەكتىن ئايرىدى. (ئى ئىنسان!) ماڭا ۋە ئاتا ـ ئاناڭغا شۈكۈر قىلغىن، ئاخىر قايتىدىغان جاي مېنىڭ دەرگاھىمدۇر.} (سۈرە لوقمان، 14 ـ ئايەت)

ئاللاھ بۇ ھەقتە يەنە مۇنداق دەيدۇ: {بىز ئىنسانىنى ئاتا ـ ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇدۇق، ئەگەر ئاتا ـ ئاناڭ سېنى سەن بىلمەيدىغان نەرسىنى ماڭا شېرىك كەلتۈرۈشكە زورلىسا، ئۇلارغا ئىتائەت قىلمىغىن، سىلەر مېنىڭ دەرگاھىمغا قايتىپ بارىسىلەر، سىلەرگە قىلمىشلىرىڭلارنى خەۋەر قىلىمەن.} (سۈرە ئەنكەبۇت، 8 ـ ئايەت)

مەشھۇر ئىسلام ئالىمى، مۇپەسسىر ئىمام ئىبنى كەسىر بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە (ئەنكەبۇت، 8 ـ ئايەت) مۇنداق دېگەن:

ئۇلۇغ ئاللاھ بەندىلىرىگە ئۆزىنى بىر ۋە ھەممە جەھەتتە يەككە ـ يېگانە دەپ ئېتىقاد قىلىپ ئىبادەت قىلىشنى بۇيرۇغاندىن كېيىن بەندىلىرىنى ئاتا ـ ئانىسىغا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇدى. بۇنىڭدىكى سەۋەب، ئاتا ـ ئانا ئىنساننىڭ دۇنياغا كېلىشىنىڭ سەۋەبىدۇر. ئاتا ـ ئانىنىڭ پەرزەنتىگە قىلغان ياخشىلىقى بەكمۇ كۆپ ۋە ئۇستۇن. دادا پەرزەنتىنىڭ خىراجەتلىرىنى تېپىش بىلەن، ئانا پەرزەنتىگە شەپقەت، مېھىر ـ مۇھەببەت كۆرسىتىپ، بېقىپ چوڭ قىلىش بىلەن پەرزەنتكە بەك كۆپ ياخشىلىق قىلغان. بۇ سەۋەبلىك ئاللاھ قۇرئاندا مۇنداق دېگەن: {پەرۋەردىگارىڭ پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا ـ ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلدى، ئۇلارنىڭ بىرى، ئۇلارنىڭ بىرى، يا ئىككىلىسى سېنىڭ قول ئاستىڭدا بولۇپ ياشىنىپ قالسا، ئۇلارغا ئوھوي دېمىگىن (يەنى مالاللىقنى بىلدۈرىدىغان شۇنچىلىك سۆزنىمۇ قىلمىغىن)، ئۇلارنى دۈشكەلىمىگىن، ئۇلارغا ھۆرمەت بىلەن يۇمشاق سۆز قىلغىن (23) ئۇلارغا كامالىي

مېھرىبانلىقتىن ناھايىتى كەمتەر مۇئامىلىدە بولغىن ۋە: «ئى پەرۋەردىگارىم! ئۇلار مېنى كىچىكلىكىمدە تەربىيىلىگىنىدەك، ئۇلارغا مەرھەمەت قىلغىن» دېگىن. (24)} (سۈرە ئىسرا، 23 ـ ، 24 ـ ئايەتلەر)

ئالالاھ ئاتا ـ ئانا پەرزەنتكە كۆرسەتكەن ياخشىلىقلارنىڭ بەدىلى سۈپىتىدە، پەرزەنتنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا بۇ ھالەتتە شەپقەتلىك، مېھرىبان بولۇپ، ئاتا ـ ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشنى بۇيرۇش بىلەن بىرگە «ئەگەر ئاتا ـ ئاناڭ سېنى سەن بىلمەيدىغان نەرسىنى ماڭا شېرىك كەلتۈرۈشكە زورلىسا، ئۇلارغا ئىتائەت قىلمىغىن» دېدى. يەنى، ئاتا ـ ئاناڭ مۇشرىك \ كاپىر بولسا، ياكى ئىسلامغا خىلاپ نەرسىنى ساڭا زورلاپ تاڭماقچى بولسا ۋە سەندىن ئۆزلىرىنىڭ دىنىغا ئەگىشىشىڭنى تەلەپ قىلسا، ئۇلارنىڭ دېگىنىنى قىلما، ئۇلارغا بۇ جەھەتتە ئىتائەت قىلما. چۈنكى، ھەممىڭلار قىيامەت كۈنى مېنىڭ ھوزۇرۇمغا توپلىنىسىلەر. مۇسۇلمان ھالەتتە ياشاپ، ئۇلارغا ياخشىلىق قىلغانلىقىنى ۋە دىنىڭ ئۈستىدە سەبىر بىلەن مۇستەھكەم تۇرغانلىقىڭ ئۈچۈن، قىيامەت كۈنى ساڭا مۇكاپات بېرىمەن ۋە سېنى دۇنيادا سەن ئەڭ يېقىن بولغان ئاتا ـ ئاناڭ تەۋە مۇشرىكلار سېپىدە ئەمەس، سالىھلارنىڭ سېپىدە قىيامەت مەيدانىغا كەلتۈرىمەن. چۈنكى، كىشى قىيامەت كۈنى دىنىي جەھەتتىن ياخشى كۆرگەنلىرى بىلەن بىرلىكتە قىيامەت مەيدانىغا ماڭغۇزۇلىدۇ. بۇ سەۋەبلىك ئالالاھ قۇرئاندا مۇنداق دېگەن: «ئىمان ئېيتىپ، سالىھ ئەمەللەر قىلغانلارنى بىز چوقۇمكى سالىھلار ئارىسىغا قوشىمىز.» (تەپسىر ئىبنى كەسىر، 5\334)

قۇرئاننى تەپسىرلەشتە ۋە ھەدىس ئىلمىدە بايراقدار ئالىم ھېسابلانغان ئىمام بەغەۋى «ياشىنىپ قالغان ئاتا ـ ئانىسىغا <ئوھوي> دېمەسلىك» توغرىسىدىكى ئايەتنىڭ تەپسىرىدە، تابىئىن (ساھابىلەردىن ئىلىم ئۆگەنگەن) ئالىم مۇجاھىدنىڭ بۇ ئايەتنى مۇنداق تەپسىرلىگەنلىكى نەقىل قىلغان: «ئاتا ـ ئاناڭ سېنىڭ يېنىڭدا تاكى تەرتىپ ئورنىدا بولۇپ قالغۇدەك دەرىجىدە قېرىپ كەتكەن تەقدىردە، ئۇلاردىن سەسكەنمىگىن. كىچىك چېغىڭدا ئاتا ـ ئاناڭ سېنىڭ نىجاستىڭنى ساڭا ئازار بەرمەستىن قانداق تازىلاپ، پاكىزلىغان بولسا، سەنمۇ ئۇلارنىڭ نىجاستىنى شۇنداق تازىلىغىن ۋە پۇف دېگەن تاۋۇشنىمۇ چىقارمىغىن.» (بەغەۋى تەپسىرى، 4\314)

## * ئىسلامدا ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش ساۋاب ۋە پەزىلەت جەھەتتە ئەڭ ئۈستۈن ئىبادەتلەر جۈملىسىدىندۇر

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن «قايسى ئەمەل ئالالاھقا ئەڭ سۆيۈملۈكتۇر؟» دەپ سورىۋىدىم «ۋاقتىدا ئوقۇلغان ناماز» دېدى. «ئاندىنچۇ؟» دەپ سورىۋىدىم «ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش» دېدى. «ئاندىنچۇ؟» دەپ سورىۋىدىم «ئالالاھ يولىدا جىھاد قىلىش» دېدى. (بۇخارى 5970؛ مۇسلىم 85)

مەشھۇر ساھابە ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەمەنلىك بىرەيلەننىڭ «مەن ئانام ئۈچۈن خار تۆگىمەن، باشقا ئۇلاغلار ئۈركىسمۇ، مەن ئۈركمەيمەن» دېگىنىچە، ئانىسىنى مۈرىسىدە كۆتۈرۈپ، كەبىنى تاۋاپ قىلدۇراتقانلىقىنى كۆرگەن. ھېلىقى يەمەنلىك كىشى: «ئى ئىبنى ئۆمەر، سېنىڭچە، مەن ئانامنىڭ ھەققىنى ئادا قىلدىممۇ؟» دەپ سورىغاندا، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «ياق، ھەتتا (ئاناڭ سېنى تۇغۇش ئۈچۈن تارتقان) بىر قېتىملىق تولغاق ئازابىنىڭ ھەققىنىمۇ ئادا قىلالمىدىڭ.» (ئىمام بۇخارى — ئەدەب ئەلمۇفرەد)

* ئىسلامدا كىشىنىڭ ياخشىلىق قىلىشقا ئەڭ ھەقلىق كىشىنى ئاۋۋال ئانىسى، ئاندىن دادىسىدۇر

بەھىز ئىبنى ھەكىم چوڭ دادىسىدىن مۇنۇ ھەدىسنى نەقىل قىلغان: مەن رەسۇلۇللاھتىن «ئى رەسۇلۇللاھ! ياخشىلىق قىلىشىمغا كىم ئەڭ ھەقلىق؟» دەپ سورىۋىدىم «ئاناڭ» دېدى. «ئاندىنچۇ؟» دەپ سورىۋىدىم «ئاناڭ» دېدى. «ئاندىنچۇ؟» دەپ سورىۋىدىم «ئاناڭ» دېدى. «ئاندىنچۇ؟» دەپ سورىۋىدىم «ئاندىن داداڭ، ئاندىن يېقىن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىڭ» دېدى. (بۇخارى ـ ئەدەب ئەلمۇفرەد 3)

* ئىسلام پەرزەنتلەرنى دادىسىنى رازى قىلىشقا، ئۇلارغا ھۆرمەتسىزلىك قىلماسلىققا، ئۇلارنى قاقشاتماسلىققا بۇيرۇيدۇ

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھنىڭ رازىلىقى دادىنىڭ رازىلىقىغا، ئاللاھنىڭ غەزىپىنى دادىنىڭ غەزىپىگە باغلىق.» (ترمىزى 1899 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 3663، سەھىھ)

بۇنىڭغا ئالاقىدار يەنە بىر ھەدىستە «ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئاتا ـ ئانىنىڭ رازىلىقىغا، ئاللاھنىڭ غەزىپىنى ئاتا ـ ئانىنىڭ غەزىپىگە باغلىق» دېيىلگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «دادا جەننەت ئىشىكلىرىدىن ئوتتۇرا ئىشىكتۇر. بۇنداق ئىكەن، خالىساڭ بۇ ئىشىكنى مۇھاپىزەت قىل، خالىساڭ ئۇنى زايە قىل.» (ترمىزى 1900؛ ئىبنى ماجە 3663، ئەبۇ دەردادىن)

بۇ ھەدىس «مۇسۇلمانلىقتا چىڭ تۇرۇپ ياشاپ، داداڭنى رازى قىلساڭ، جەننەتكە ئوتتۇرا ئىشىكىدىن كىرىسەن» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «بالا ئاتىنىڭ ھەققىنى قايتۇرالمايدۇ، پەقەت ئاتىسىنى قۇل ھالىتىدە تېپىپ، ئۇنى سېتىۋېلىپ ئازاد قىلسا، ئاندىن ئۇنىڭ ھەققىنى قايتۇرغان بولىدۇ» دېگەن. (سەھىھ مۇسلىم 1510 ـ ھەدىس)

*** ئاتا ئانىنى ھۆرمەتلەش، ئۇلارغا ئىسيانكارلىق قىلماسلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەخلاقىدۇر**

ئاللاھ قۇرئاندا پەيغەمبىرى يەھيا ئەلەيھىسسالامنىڭ شەخسىيتىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: {يەھيا تەقۋادارلاردىن ئىدى. ئاتا ـ ئانىسىغا ئىتائەتكار ئىدى. (ئىبادەتلەرنى تەرك ئېتىش بىلەن ئاللاھقا، ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش بىلەن ئىنسانلارغا چوڭچىلىق قىلىدىغان) مۇتەكەببىرلەردىن ئەمەس ئىدى، ئاتا ـ ئانىسىنى قاقشاتقۇچىلاردىن ئەمەس ئىدى.} (سۈرە مەريەم، 13 ـ ، 14 ـ ئايەتلەرنىڭ بىر قىسمى)

ئاللاھ قۇرئاندا پەيغەمبىرى ئىسا ئەلەيھىسسالامدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: {ئىسا مۇنداق دېدى: شۈبھىسىزكى، مەن ئاللاھنىڭ بەندىسىمەن. ئۇ ماڭا كىتابنى بەردى ۋە مېنى پەيغەمبەر قىلدى. قەيەردىلا بولاي مېنى بەرىكەتلىك قىلدى. ھاياتلا بولىدىكەنمەن ماڭا نامازنى، زاكاتنى ئادا قىلىشىمنى بۇيرۇدى. مېنى ئانامغا كۆيۈمچان، ئىتائەتمەن قىلدى.} (سۈرە مەريەم، 30 ـ ،31 ـ ، 32 ـ ئايەتلەر)

*** ئىسلام كاپىر ئاتا ـ ئانىغىمۇ ياخشىلىق قىلىشنى بۇيرۇيدۇ**

ئىمام بۇخارى ئەدەب ئەلمۇفرەد ناملىق ئەسرىدە مۇنۇ ھەدىسنى نەقىل قىلغان: ئىمام بۇخارى مۇنداق دەيدۇ: بىزگە ھۇمەيدى ھەدىس سۆزلەپ مۇنداق دېدى: بىزگە سۇفيان ئىبنى ئۇيەينە ھەدىس سۆزلەپ مۇنداق دېدى: بىزگە ھىشام ئىبنى ئۇرۋە ھەدىس سۆزلەپ مۇنداق دېدى: ماڭا زۇبەير ئىبنى ئاۋۋام مۇنۇ ھەدىسنى سۆزلەپ بەرگەن ئىدى: ئەسما بىنتى ئەبۇ بەكرى (زۇبەير ئىبنى ئاۋۋامنىڭ ئايالى) ماڭا مۇنداق دېگەن ئىدى: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ دەۋرىدە مېنىڭ (ئىسلامغا كىرمىگەن مۇشرىك ئانام) مەندىن ياخشىلىق ئۈمىد قىلىپ يېنىمغا كەلگەن ئىدى. مەن رەسۇلۇللاھتىن «ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلسام بولامدۇ؟» دەپ سورىۋىدىم، رەسۇلۇللاھ «بولىدۇ» دېدى. ھەدىسنى نەقىل قىلغۇچىلاردىن بىرى بولغان سۇفيان ئىبنى ئۇيەينە مۇشۇلارنى نەقىل قىلغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى: ئاللاھ مۇشۇ ئىشتىن كېيىن مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلغان:«ئاللاھ سىلەرنى دىن جەھەتتە سىلەرگە قارشى ئۇرۇشمىغان (كاپىر)لارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلاردىن توسمايدۇ.» (سۈرە مۇمتەھىنە، 6 ـ ئايەت) (بۇخارى ـ ئەدەب ئەلمۇفرەد 25)

*** ئىسلامدا ئاتا ـ ئانىسى تۇرۇپمۇ ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ رازىلىقىنى ئېلىۋالالمىغان ۋاپاسىز پەرزەنتكە خارلىق ۋەدە قىلىنغان**

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام: «خار بولۇپ كەتسۇن، خار بولۇپ كەتسۇن، خار بولۇپ كەتسۇن» دېۋىدى، ساھابىلەر: «كىم خار بولۇپ كەتسۇن؟ ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى!» دەپ سوراشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام: «ئاتا ـ ئانىسىنىڭ بىرىنى ياكى ئىككىلىسىنى ھايات چېغىدا تېپىپمۇ، (ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى ياخشى قىلىش بىلەن ئۇلارنى رازى قىلمىغانلىقى سەۋەبلىك) جەننەتكە كىرەلمىگەن كىشى خار بولۇپ كەتسۇن» دېدى. (سەھىھۇل مۇسلىم 4627 ـ ھەدىس)

*** ئىسلامدا ئاتا ـ ئانىغا ھۆرمەتسىزلىك قىلىش، ئۇلارنى قاقشىتىش ئەڭ چوڭ گۇناھلار قاتارىدىن سانىلىدىغانلىقى توغرىسىدا**

تۈركىي مىللەتلەرنىڭ بىرى بولغان تۈركمەنلەردىن يېتىشىپ چىققان بۈيۈك ئىسلام ئالىمى، مۇھەددىسلەرنىڭ گۈلتاجى، تارىخشۇناسلارنىڭ پېشۋاسى ئىمام زەھەبى «چوڭ گۇناھلار» ناملىق مەشھۇر ئەسرىدە، ئاتا ـ ئانىغا ھۆرمەتسىزلىك قىلىش ۋە ئۇلارنى قاقشىتىشنى چوڭ گۇناھلارنىڭ ئالتىنچىسى دەپ سانىغان. (ئىمام زەھەبى، چوڭ گۇناھلار، 65 ـ بەت)

ئىسلام ئالىملىرى ئاتا ـ ئانىنى قاقشىتىشنى مۇنداق ئىزاھلايدۇ:

ئاتا ـ ئانىنى قاقشىتىش — ئۇلاردىن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈشنى، ياخشىلىقنى ۋە ئۇلارغا ئىتائەت قىلىشقا زىت ئىشلارنى قىلىش دېمەكتۇر. تېخىمۇ ئوچۇق شەكىلدە ئىزاھلىغاندا، ئاتا ـ ئانىنى قاقشىتىش دېگەن — پەرزەنتنىڭ مەيلى سۆز، مەيلى ھەرىكەت ئارقىلىق ئاتا ـ ئانىغا ئەزىيەت بېرىدىغان ھالەتلەردە بولۇشىدۇر. ئاتا ـ ئانىنىڭ شىرك ۋە گۇناھقا ياتمايدىغانلىكى مۇباھ (قىلسا گۇناھ بولمايدىغان) ئىستەكلىرىگە قارشى چىقىش، ئاتا ـ ئانىسىنى ھۆرمەت قىلماسلىق، ئاتا ـ ئانىسىغا يۈزىنى پۈرۈشتۈرۈش، كۆزلىرىنى چەكچەيتىش، ئۇلانى ھاقارەتلەش، ئۇلارنى سىلكىپ دۈشكەلەش، ھەتتا ئۇرۇش، ئۇلارنى كەمسىتىش، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە قىلغان ياخشىلىقلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزى ئۈستىدىكى ھەقلىرىنى ئىنكار قىلىپ تۇزكورلۇق قىلىش، ئۇلارنى قايغۇغا سالىدىغان ياكى ئۇلارنى يىغلىتىدىغان ئىشلارنى قىلىش، ئايالىنىڭ ۋە بالىلىرىنىڭ خىراجىتىنى ئۇلارنىڭ خىراجىتىنىڭ ئالدىغا قويۇۋېلىش، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئېھتىياجى بولغان نەرسىلەرنى ئالغاندا كۆڭۈلشىمەسلىك ۋە بۇ جەھەتتە يېتەرلىك دەرىجىدە خىراجەت قىلىشتىن قېچىش، سودا ـ سېتىق قىلغاندا ئايال بالىلىرىغا ئېسىل سۈپەتلىك نەرسىلەرنى ئېلىپ، ئاتا ـ ئانىسىغا ئەڭ ئەرزان ۋە سۈپەتسىز نەرسىلەرنى ئېلىش، جۇملىدىن، ئاتا ـ ئانىغا چوڭ بولسۇن، كىچىك بولسۇن ئەزىيەت بېرىپ رەنجىتىش قاتارلىقلارنىڭ

ھەممىسى ئاتا ـ ئانىنى ھۆرمەتلىمەسلىك ۋە ئۇلارنى قاقشىتىش جۈملىسىدىن بولۇپ، بۇلار ئەڭ چوڭ گۇناھلار جۈملىسىدىن ھېسابلىنىدۇ. (زەھەبى، چوڭ گۇناھلار، 71)

ئاتا ـ ئانىغا ھۆرمەتسىزلىك قىلىپ، ئۇلارنى قاقشىتىشنىڭ ئېغىر دەرىجىدە ھاراملىقى ۋە ئەڭ چوڭ گۇناھلاردىن بىرى ئىكەنلىكى توغرىسىدا كۆپلەپ سەھىھ ھەدىسلەر كەلگەن بولۇپ، بۇ جەھەتتىكى سەھىھ ھەدىسلەرنىڭ بەزلىرى تۆۋەندىكىچە:

ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم نەقىل قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈچ قېتىم «سىلەرگە گۇناھى كەبىرلەرنىڭ ئەڭ چوڭلىرىدىن خەۋەر بەرمەيمۇ؟» دېۋىدى، ساھابىلەر: «شۇنداق قىلسىلا، ئى رەسۇلۇللاھ!» دېيىشتى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «(گۇناھلارنىڭ ئەڭ چوڭى) ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش ۋە ئاتا ـ ئانىغا بوي‌سۇنماسلىق قىلىش» دېدى. (بۇخارى 2654؛ مۇسلىم 87)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:«ئاتا ـ ئانىنى قاقشاتقۇچى، قىلغان ياخشىلىقىغا مىننەت قىلغۇچى، ھاراق ـ شاراپقا مۇپتىلا بولغۇچى ۋە سېھىر ـ ئەپسۇنغا ئىشەنگۈچى جەننەتكە كىرمەيدۇ.» (مۇسنەد ئىمام ئەھمەد 6892؛ سۇنەد دارىمى 2139؛ سەھىھ ئىبنى ھىببان 3384، سەھىھ ھەدىس)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:«ئاتا ـ ئانىسىنى قاقشاتقۇچى جەننەتكە كىرمەيدۇ. تەقدىرنى ئىنكار قىلغۇچىمۇ جەننەتكە كىرمەيدۇ.» (مۇسنەد ئەبۇ داۋۇد تەيالىسى 1227؛ ئىبنى ئەبى ئاسىم «سۈننەت» 323؛ مۇسنەد ئىمام ئەھمەد 27484؛ مۇسنەد بەززار 4106)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:«ئاللاھ ئاتا ـ ئانىسىغا ھۆرمەتسىزلىك قىلىپ، ئۇنى قاقشاتقۇچىغا لەنەت قىلدى.» (مۇسلىم 1978؛ ھاكىم ـ مۇستەدرەك 7254)

تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەمر ئىبنى جۇھەنىدىن مۇنۇ ھەدىسنى نەقىل قىلغان: بىرەيلەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ «ئى رەسۇلۇللاھ! مەن بەش ۋاخ نامازنى ئوقۇسام، رامزان روزىسىنى تۇتسام، زاكاتنى بەرسەم، بەيتۇللاھنى ھەج قىلسام (بۇنىڭ مۇكاپاتى) قانداق بولىدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «بۇنداق قىلغان كىشى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلىماي، ئۇنى قاقشاتقۇچىلاردىن بولمىغانلا تەقدىردە، (قىيامەت كۈنى جەننەتتە) سىددىقلار ۋە شەھىدلەر بىلەن بىللە بولىدۇ» دېدى. (مۇسنەد ئەھمەد 39\523؛ سەھىھ ئىبنى ھىببان 3438)

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

چۆلدە ياشايدىغان مۇسۇلمانلاردىن بىرى كېلىپ «ئى رەسۇلۇللاھ! چوڭ گۇناھلار قايسىلار؟» دەپ سورىۋىدى، رەسۇلۇللاھ «ئاللاھقا شېرىك قوشۇش» دېدى. ئۇ كىشى «ئاندىنچۇ؟» دەپ سورىۋىدى

«ئاتا ـ ئانىنى قاقشىتىش» دېدى. «ئاندىنچۇ؟» دېۋىدى «يالغاندىن قەسەم ئىچىش» دېدى. (بۇخارى 6920)

*** ئىسلامدا ئاتا ـ ئانىنى ھۆرمەتلەپ، ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولۇش كىشىنىڭ گۇناھلىرىنى تۆكىدىغان، ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرىدىغان ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى دەپ قارىلىدۇ**

ئەتا ئىبنى يەسار مۇنداق دەيدۇ: بىرەيلەن ئىبنى ئابباسنىڭ ئالدىغا كېلىپ مۇنداق دەپ پەتىۋا سورىدى: مەن بىر ئايالغا توي تەكلىپى قويغان ئىدىم، بىراق مېنى رەت قىلدى. كېيىن، مەندىن باشقا بىرەيلەن ئۇنىڭغا توي تەلىپى قويغان ئىدى، ئۇ ئايال ئۇنى قوبۇل قىلىپ، نىكاھىغا ئۆتتى. شۇنىڭ بىلەن، مەن (غەزەپلەنگەنلىكىم سەۋەبلىك) ئۇ ئايالنى ئۆلتۈرۈۋەتتىم. ئەمدىلىكتە مېنىڭ تەۋبە قىلىشىمغا يول بارمۇ؟» ئىبنى ئابباس ئۇنىڭدىن «ئاناڭ ھاياتمۇ؟» دەپ سورىدى. ئۇ كىشى «ياق» دېدى. ئىبنى ئابباس «ئاللاھقا تەۋبە قىلغىن، قولۇڭدىن كېلىشىچە (ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش ئارقىلىق) ئاللاھقا يېقىنلىششقا تىرىشقىن» دېدى. ئۇ كىشى كەتكەندىن كېيىن، ئىبنى ئابباستىن «نېمىشقا ئۇنىڭدىن ئاناڭ ھاياتمۇ دەپ سورايلا؟» دېۋىدىم، ئىبنى ئابباس «چۈنكى مەن كىشىنى ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرۇشتا، ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان باشقا ئەمەلنى بىلمەيمەن» دېدى. (بۇخارى — ئەدەب ئەلمۇفرەد 4)

*** ئىسلامدا ئاتا ـ ئانىنىڭ خىزمىتىدە بولۇپ، ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىش ئاللاھ يولىدا نەپلە جىھاد قىلىشتىنمۇ ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ**

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: بىر كىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ، جىھاد قىلىش ئۈچۈن رۇخسەت سورىدى. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭدىن «ئاتا ـ ئاناڭ ھاياتمۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئۇ كىشى «ھايات» دېدى. شۇنىڭ بىلەن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا «ئاتا ـ ئاناڭنىڭ (خىزمىتىدە بولۇش ئارقىلىق) جىھاد قىلغىن» دېدى. (بۇخارى 4\18)

باشقا بىر ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: بىر كىشى كېلىپ «ئى رەسۇلۇللاھ! مەن سىلى بىلەن بىرلىكتە جىھاد قىلىشنى ئۈمىد قىلىپ يانلىرىغا كەلدىم، ئاتا ـ ئانام يىغلىغان ھالدا قېلىپ قالدى» دېۋىدى،

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم ئۇنىڭغا:«ئۇلارنى يىغلاتقىنىڭدەك، قايتىپ بېرىپ ئۇلارنى كۈلدۈرگىن» دېدى.

مۇئاۋىيە ئىبنى جاھىمە ئەسسۇلەمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: (دادام) جاھىمە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمنىڭ قېشىغا بېرىپ «ئى رەسۇلۇللاھ! مەن جىھادقا چىقماقچى بولىۋاتىمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ جەھەتتە سىلىدىن مەسلىھەت ئالغىلى كەلدىم» دېيىشتى. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭدىن «ئاناڭ ھاياتمۇ؟» دەپ سورىدى. ئۇ «ھەئە» دېيىشتى، رەسۇلۇللاھ «ئۇنداقتا ئاناڭنىڭ يېنىدا قالغىن، جەننەت ئۇنىڭ ئىككى پۇتى ئاستىدىدۇر» دېدى. (مۇسنەد ئەھمەد 3\429؛ نەسائى 11\6، سەھىھ)

## * ئىسلام نەپلە جىھادقا قاتناشماقچى بولغان كىشىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىشنى شەرت قىلغان

جىھاد ئىسلامدىكى ئەڭ چوڭ ئىبادەتلەردىن بىرى بولسىمۇ، ئىسلامدا ئاتا ـ ئانىنىڭ رازىلىقى نەپلە جىھادتىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇلغان.

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: بىرەيلەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمگە يەمەندىن ھىجرەت قىلىپ كەلگەن ئىدى. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭدىن «يەمەندە تۇغقىنىڭ بارمۇ؟» دەپ سورىدى. ئۇ كىشى «ئاتا ـ ئانام بار» دېدى. رەسۇلۇللاھ «كېلىشىڭگە رۇخسەت قىلغانمىتى؟» دەپ سورىۋىدى، «ياق» دېدى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا «ئاتا ـ ئاناڭنىڭ يېنىغا قايتىپ، ئۇلارنىڭ رۇخسىتىنى ئال. ئەگەر ساڭا رۇخسەت قىلسا (كېلىپ مەن بىلەن) جىھاد قىل، رۇخسەت قىلمىسا ئۇ ئىككىسىنىڭ خىزمىتىنى قىل» دېدى. (ئەھمەد 3\75؛ ئەبۇ داۋۇد 3\39، سەھىھ)

## * ئىسلامدا پەرزەنتنىڭ ئاتا ـ ئانىغا ھۆرمەت كۆرسىتىشى ھەققىدە ئىسلام بۈيۈكلىرىدىن بەزى ئۆرنەكلەر

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى سۈپەتلىگەن ھەدىستە تېمىغا مۇناسىۋەتلىك مۇنداق بايانلار مەۋجۇت. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمنىڭ سۆز قىلىش ئۇسلۇبى جەھەتتە رەسۇلۇللاھقا فاتىمەدىنمۇ بەكراق ئوخشايدىغان باشقا بىرىنى كۆرۈپ باقمىدىم. فاتىمە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمنىڭ

ئۆيگە كەلسە، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنى قارشى ئالاتتى، فاتىمەنى سۆيەتتى ۋە ئۇنى ئۆزى ئولتۇرىدىغان جايدا ئولتۇرغۇزاتتى. رەسۇلۇللاھ فاتىمەنىڭ ئۆيگە بارسا فاتىمە رەسۇلۇللاھ ئۈچۈن ئورنىدىن تۇراتتى، رەسۇلۇللاھنى سۆيەتتى ۋە ئۆز جايىدا ئولتۇرغۇزاتتى.» (بۇخارى ـ ئەدەب ئەلمۇفرەد 971)

ھىشام ئىبنى ئۇرۋە دادىسىدىن مۇنداق بايان قىلىدۇ: ئەبۇ ھۇرەيرە ئىككى ئەر كىشىنى ئۇچراتتى. ئۇلارنىڭ بىرىدىن «بۇ يېنىڭدىكى كىم؟» دەپ سورىۋىدى «دادام» دېدى. ئەبۇ ھۇرەيرە ئۇنىڭغا كۆرسەتمە بېرىپ مۇنداق دېدى:«داداڭنى ئىسمىنى ئاتاپ چاقىرما، ئۇنىڭ ئالدىدا ماڭما، ئۇ ئولتۇرۇشتىن ئاۋۋال ئولتۇرما.» (بۇخارى ـ ئەدەب ئەلمۇفرەد)

مەشھۇر ساھابە ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەمەنلىك بىرەيلەننىڭ «مەن ئانام ئۈچۈن خار تۆگىمەن، باشقا ئۇلاغلار ئۈركىسىمۇ، مەن ئۈركمەيمەن» دېگىنىچە، ئانىسىنى مۈرىسىدە كۆتۈرۈپ، كەبىنى تاۋاپ قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن. ھېلىقى يەمەنلىك كىشى: «ئى ئىبنى ئۆمەر، سېنىڭچە، مەن ئانامنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىدىممۇ؟» دەپ سورىغاندا، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «ياق، ھەتتا (ئاناڭ سېنى تۇغۇش ئۈچۈن تارتقان) بىر قېتىملىق تولغاق ئازابىنىڭ ھەققىنىمۇ ئادا قىلالمىدىڭ.» (ئىمام بۇخارى — ئەدەب ئەلمۇفرەد]

## * غارغا قاپسىلىپ قالغان ئۈچ سالىھ كىشىنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئاتا ـ ئانىسىغا قول باغلاپ خىزمەت قىلغان ئىپسل پەرزەنتنىڭ قىسسىسى

ئابدۇللاھ ئىبن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: «سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەردىن ئۈچ كىشى ماڭە ـ ماڭە كەچ كىرىپ قېلىپ، بىر غارنىڭ ئىچىگە كىرىۋالىدۇ. بۇ چاغدا بىر قورام تاش يۇقىرىدىن دومىلاپ چۈشۈپ، غارنىڭ ئاغزىنى تىسىۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۇ تاشتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن: ‹ئۆزئارا ھاياتىمىزدا ئىشلىگەن ئەڭ ئەۋزەل ئەمەللىمىزنى تىلغا ئېلىپ، ئاللاھ تائالاغا يالۋۇرايلى› دېيىشىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى: ‹ئى ئاللاھ! مېنىڭ ياشىنىپ قالغان ئاتا ـ ئانام بار ئىدى. مەن ھەمىشە ئالدى بىلەن ئاتا ـ ئانامنى غىزالاندۇرۇپ، ئاندىن ئەھلى ـ ئايالىم ۋە خىزمەتچىلىرىمنى غىزالاندۇراتتىم. بىر كۈنى مەن ماللىرىمنى ئوتلىتىش ئۈچۈن يىراق جايلارغا كېتىپ كەچرەك قايتىپ كەلدىم. ماللىرىمنى سېغىپ، سۈتىنى ئېلىپ كەلسەم، ئاتا ـ ئانام ئۇخلاپ قاپتۇ. ئۇلارنى ئويغىتىشنى ۋە ئۇلاردىن بۇرۇن ئەھلى ـ ئايالىم ۋە خىزمەتچىلىرىمنى غىزالاندۇرۇشنى خوپ كۆرمەي، تاڭ ئاتقانغا قەدەر سۈت بار قاچىنى قولۇمدا تۇتقان

هالەتتە ئاتا ـ ئانامنىڭ ئويغىنىشىنى كۈتتۈم. كىچىك بالىلىرىم قورسىقى ئاچ هالدا ئايىغىمدا يىغلاپ تۇرۇشاتتى. ئاتا ـ ئانام ئويغىنىپ كەچلىك تامىقى بولغان سۈتنى ئىچىشتى. ئى ئاللاھ! مۇشۇ ئىشنى سېنىڭ رازىلىقىڭ ئۈچۈن قىلغانلىقىمنى بىلگەن بولساڭ، بۇ تاشنى كۆتۈرۈۋەتكىن›، دېدى. شۇنىڭ بىلەن قورام تاش بىر ئاز كۆتۈرۈلدى...» (بۇخارى 3465؛ مۇسلىم 2743؛ رىيازۇس سالىھىن 12)

ئاتا ـ ئانىنى ھۆرمەتلەش ۋە ئۇلارنىڭ بۇيرۇقلىرىنى بىجاندىللىق بىلەن ئورۇنداش، ئاتا ـ ئانىنى رازى قىلىش ۋە خوش قىلىش — ئىسلامدىكى ئەڭ بۈيۈك، ئەڭ ساۋابلىق ئىبادەتلەردىن بىرىدۇر. پەرزەنتلەرنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ھەم ماددىي، ھەم مەنىۋىي ھەق ـ ھوقۇق ۋە ئېھتىياجلىرىنى ئورۇندىشى — ئۇلارنىڭ بۇ خىل ئېھتىياجى ئىسلامنىڭ ھالال ـ ھارامىلىرىغا خىلاپ ئېھتىياج بولمىغانلا تەقدىردە — ھەر قانداق نەپلە، ھەتتا كۆپ قىسىم پەرز ئىبادەتلەرنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ. مەسىلىنىڭ ياخشى چۈشىنىلىشى ئۈچۈن، ئاتا ـ ئانىنىڭ شەرىئەتكە ئۇيغۇن ئېھتىياجىنى ئورۇنداشنىڭ بارچە نەپلە، ھەتتا كۆپ قىسىم پەرز ئىبادەتلەرنىڭ ئالدىدا تۇرىدىغانلىقى توغرىسىدا بىر نەچچە مىساللارنى بېرىمىز.

بىرىنچى مىسال:

يىگىرمە بەش ياشتىكى، ئاغزى يېڭى ئاشقا تەگكەن بىر يىگىت بار. ئۇ ئادەتتە ئازغىنە مائاشىنى ئۆزىنىڭ زۆرۈر ھاجەتلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ. كۆچى يەتسە ئاتا ـ ئانىسىغا ئاز تولا خىراجەت قىلىپ بېرىدۇ. ئۇ بۇ ئايلىق مائاشىدىن ئەللىك سومنى مەلۇم بىر خەير ـ ساخاۋەت تۈرىگە ئىئانە قىلىش ئۈچۈن ئايرىپ قويغان ئىدى. شۇ كۈنلەردىن بىرىدە، كاۋاپ يېيىشنى كۆڭلى تارتقان ئانىسى ئۇنىڭغا «ئوغلۇم، كاۋاپنى كۆڭلۈم تارتىۋاتىدۇ، پوكونچى ئاشخانىنىڭ كاۋىپى بەك ئوخشايدىكەن دەپ ئاڭلىدىم، شۇ ئاشخانىنىڭ كاۋىپىدىن بەش زىخ ئېلىپ كەلسەڭ، بىللە يېسەك» دەپ، ئۆز ئېھتىياجىنى ئېيتتى. بۇ چاغدا، يىگىتكە پەرز بولغىنى، غىدىڭ ـ پىدىڭ قىلماستىن، خەير ـ ساخاۋەت تۈرىگە ئىئانە قىلىشقا ئاتاپ قويغان پۇلنى ئانىسىغا كاۋاپ ئېلىپ بېرىشقا سەرپ قىلىشتۇر. ئانىسى يېگۈسى كەلگەننى ئەكىلىپ، ئانىسىغا يېگۈزۈش ئاللاھنى رازى قىلىدىغان، ئانىسىنى مەمنۇن قىلىدىغان بۈيۈك ياخشىلىقلار جۈملىسىدىن بولۇپ، بۇ خىل ئەھۋالدا يىگىتنىڭ ئۆزى خالاپ خەير ـ ساخاۋەتكە — نەپلە ئىبادەتكە ئاتاپ قويغان ئىقتىسادىنى، ئانىسىنىڭ شەرىئەتكە ئۇيغۇن تەلىپىنى ئورۇنداشتىن ئىبارەت پەرز ئىبادەت ئۈچۈن ئىشلىتىشى كېرەك بولىدۇ.

ئىككىنچى مىسال:

دىن سۆيەر بىر قىز بار بولۇپ، ئۇ دەم ئېلىش كۈنىدە بىر نەچچە دوستى بىلەن مەھەللىسىدىكى مەسجىدنى تازىلاپ، ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشنى نىيەت قىلىپ، بۇ ھەقتە دوستلىرى بىلەن كېلىشىپ قويغان ئىدى. دوستلىرى بىلەن مۇشۇ قاراردا بىرلىككە كېلىپ، ئۆيىگە كەلگىنىدە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ دەل ئاشۇ

دەم ئېلىش كۈنىدە ئۆيگە ئۆزلىرىنىڭ بىر نەچچە دوستلىرىنى مېھماندارچىلىققا چاقىرىپ قويغىنىدىن خەۋەر تاپتى. ئانىسى ئۇنىڭغا «شەنبە كۈنى سىزنىڭ دەم ئېلىشىڭىزغا توغرىلاپ، پالانچى، پالانچى دوستلىرىمنى مېھمانغا چاقىردىم، ئۇ كۈنى باشقا ئىش بىلەن بولماي، ماڭا ياردەملىشىپ مېھمان كۈتۈشۈپ بېرىڭ» دېدى. بۇ خىل ھالەتتە قىزنىڭ مەسجىد تازىلاشنى ئەمەس، ئانىسىنىڭ تەلىپىنى ئورۇنداشنى تاللىشى كېرەك بولىدۇ. نورمال ئىسلامىي تەربىيە ئالغان بىر قىز بۇ خىل ئەھۋالدا ھەرگىزمۇ «ئالللاھنىڭ ئۆيىنى تازىلاشتىن ۋاز كەچسەم ساۋاپتىن قۇرۇق قالىمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە دوستلىرىم بىلەن دېيىشىپ قويغان تۇرسام» دەپ ئويلاپ، ئانىسىنىڭ تەلىپىنى ئورۇندىماسلىقى، ساۋاب قازىنىش ئۈچۈن مەسجىد تازىلاشتەك نەپلە ئىبادەتنى ئانىسىنىڭ شەرئەتكە ئۇيغۇن تەلىپىنى ئورۇنداشتەك پەرز ئىبادەتنىڭ ئالدىغا قويۇۋالمايدۇ.

مەشھۇر ئىسلام ئالىمى قازى ئىياز «ھارام ئىشلارغا چېتىلمىغانلا تەقدىردە، ئاتا ـ ئانىغا ئىتائەت قىلىش پەرزدۇر» دېگەن. («غىزائۇل ئەلباب» 1 ـ جىلد 382 ـ بەت)

*** ئىسلام پېشۋالىرى ئاتا ـ ئانىنى نارازى قىلغۇچىغا ئىلىم ئۆگىتىشتىن ئۆزىنى تارتقان**

بۇ خۇسۇستا ئىسلام پېشۋالىرىدىن مۇنداق بىر ۋەقە بايان قىلىنغان:

ناسىر ئىبنى ئەبۇ ھافىز مەقدىسى ئېرۇسالىمدىن ئىراقنىڭ مايىيافارىقىين دېگەن يېرىگە مەشھۇر ئالىم كازارۇنىدىن ئىلىم ئۆگەنگىلى بارغان ۋە ئىككىيلەننىڭ ئارىسىدا تۆۋەندىكىدەك دىيالوگلار بولۇنغان:

ـــ ئاناڭ ھاياتمۇ؟

ـــ ھايات،

ـــ (بۇ يەرگە كېلىشتە) ئۇنىڭ رۇخستىنى ئالدىڭمۇ؟

ـــ ياق.

ـــ ئالللاھ بىلەن قەسەمكى، سەن ئاناڭنىڭ يېنىغا قايتمىغۇچە ۋە ئۇنىڭ ساڭا بولغان ئاچچىقى بېسىلمىغۇچە، (ئاندىن ئۇنىڭ رازىلىقىنى ئېلىپ كەلمىگۈچە) مەندىن بىر نەرسە ئۆگىنەلمەيسەن (يەنى سىزگە ئىلىم ئۆگەتمەيمەن).

شۇنىڭ بىلەن، ناسىر ئاپىسىنىڭ يېنىغا قايتىپ، تاكى ئاپىسى ۋاپات بولغۇچە، ئۇنىڭ يېنىدا تۇرۇپ خىزمىتىدە بولغان. ئانىسى ۋاپات تاپقاندىن كېيىن ئىلىم ئېلىش ئۈچۈن سەپەرلەرگە چىققان. [ئىبنى جەۋزى، «ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش» 82 ـ بەت]



# ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ پاراسىتىنى نامايان قىلىدىغان ماقال-تەمسىللەردىن تەرمىلەر

## ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ پاراستىنى نامايان قىلىدىغان ماقال ـ تەمسىللەردىن تەرمىلەر

1. ئانا يۇرتۇڭ ئامان بولسا،
رەڭگىروييڭ سامان بولماس.

2. ئەل بەختىنى ئايرىلسا،
ئەر بەختىدىن ئايرىلار.

3. ئەل قەدرىنى نادان بىلمەس،
يەر قەدرىنى هايۋان (بىلمەس).

4. ئەل ئىشىغا ئېرىنمە،
مىننەت قىلىپ كېرىلمە.

5. ئەلنىڭ نومۇسى ـــ ئەرنىڭ نومۇسى.

6. تەۋرەپ كەتكەن ئەلدىن قورق
يامراپ كەتكەن سەلدىن (قورق).

7. زىننەتلىك قەپەستىن تىكەنلىك ئۇۋا ياخشى.

8. گۈل پۇرىقى بىلەن ئەزىز،
ئادەم يۇرتى بىلەن (ئەزىز).

9. ياخشى ئادەم ئامانلىشىپ كۆچەر،
يامان ئادەم يامانلىشىپ (كۆچەر).

10. يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقماس،
چېڭى چىقسىمۇ دېڭى چىقماس.

11. باتۇر ئوقتىن قورقماس،
ئاقىل دوقتىن (قورقماس).

12. يۇرت قوغدىساڭ ئۆسەرسەن،
قوغدىمىساڭ ئۆچەرسەن.

13. ئاپتاپ يەرنى تاۋلار،
ئەمگەك ئەرنى (تاۋلار).

14. ئارزۇلايدۇ ئەنجاننى،
باقالمايدۇ بىر جاننى.

*بۇ ئارزۇ ـ غايىلىرى بەك چوڭ بولۇش بىر ۋاقىتتا، شۇ ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان ئىقتىدارغا ئىگە بولمىغان، ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئۆتمەيدىغان خىيالپەرەسلىككە قارىتىلغان.

15. ئالتۇن چىقىدۇ يەردىن،
بەخت كېلىدۇ تەردىن.

16. ئەجىر قىلساڭ چۆلگە،
پۈركىنىسەن گۈلگە.

17. ئەمگەك قىلماي ئەلدىن ئاغرىنما،
ئېكىن سالماي يەردىن (ئاغرىنما).

18. ئەمگىكىڭ قاتتىق بولسا،
يېگىنىڭ تاتلىق بولۇر.

19. بەڭگى كەندىرگە ئامراق،
ھۇرۇن يەڭگىلگە (ئامراق).

20. پاتمانلاپ ئىشلە،
مىسقاللاپ چىشلە.

21. تامچى خىش تاللايدۇ،
ھۇرۇن ئىش (تاللايدۇ).

22. تەييار تۇرسا يېمىشىم،
ئورمان بىلەن نېمە ئىشىم.

* ئۆزىنىلا ئويلاپ، باشقىلارنىڭ ئۈچىنىلا كۆرىدىغان، ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىنى ئويلاشماسلىق قىلمىشىغا قارىتىلغان.

23. سودىگەر سېتىپ قانماس،
ھۇرۇن يېتىپ (قانماس).

24. سۆز دېسە «كاپ ـ كاپ»،
ئىش دېسە بىتاپ.

25. كەتمەن چاپماي ئاق نان يېسەم،
چارۋا باقماي پاقلان (يېسەم).

26. مېھنەتسىز ئەر ـــ ھوسۇلسىز يەر.

27. نىيىتى يامانىنىڭ يېنىدىن قاچ،
مىننەتخورنىڭ نېنىدىن (قاچ).

28. ئەرزان ئىللەتسىز ئەمەس،
قىممەت ھېكمەتسىز (ئەمەس).

29. نەقتىن ھەسەل چىقتى،
نېسىدىن جېدەل (چىقتى).

30. ئەسكى دېھقان يەر بۇزار،
ئەسكى خوتۇن ئەر (بۇزار).

31. خەير قىلدىڭ، خوپ قىلدىڭ،
مىننەت قىلدىڭ، يوق قىلدىڭ.

**32. غەرەزلىك ياخشىلىقتىن، غەرەزسىز يامانلىق ئەلا.**

**33. ئېگىز تاغدا قار بولۇر،**
**مەرد يىگىتتە ئار* (بولۇر).**

* ئار ــ نومۇس، خىجالەت تۇيغۇسى

**34. ياخشى ئادەم بىر ئۆلەر، تىرىلمەس،**
**يامان ئادەم مىڭ ئۆلەر، بىلىنمەس.**

* يەنى پەسكەش، رەزىل كىشىلەر تەكرار ـ تەكرار ھالدا ئۆلۈمدىن بەتتەر خورلۇق ئىچىدە ئەلنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ ياشايدۇ.

**35. ياخشى خۇيلۇق تۆرگە بېرىپتۇ،**
**يامانلىق خۇيلۇق گۆرگە (بېرىپتۇ).**

**36. ياخشىنى ياتكەن دېمە،**
**يامانىنى ئۆزكەن (دېمە).**

**37. يامانغا نان بەرگۈچە،**
**ياخشىغا جان بار.**

**38. يامانىنىڭ تۈزغا بارغىنى،**
**قىزغا بارغىنى.**

* ناچار ئادەمنىڭ ئىچى ـ تېشىنىڭ بىر ئەمەسلىكى، ئەسلى مۇددىئاسىنىڭ ئىزھار قىلغىنىدىن كۆپ رەزىل ئىكەنلىكى.

**39. ئادالەت ئالدىدا لىللا ئاقىدۇ،**
**جاھالەت ئالدىدا تىللا (ئاقىدۇ).**

**40. بىرلەشكەن ئەل ــ دەۋرەپ كەلگەن سەل.**

**41. كېڭەشلىك ئىش ئۈزار،**
**كېڭەشسىز ئىش توزار.**

**42. ھۇرۇننىڭ ئەسنىكى قاتتىق،**
**ھەققەتنىڭ تەستىكى (قاتتىق).**

**43. ئىت ھاكىم بولسا، سۆڭەك سېلىق سالار.**

**44. ئىنسان ــ نۇقسان.**

**45. دوستۇڭ ئۈچۈن سىلىق بول،**
**دۈشمەن ئۈچۈن سىرلىق بول.**

**46. دۈشمەنگە شەپقەت ـ ئۆزۈڭگە كۈلپەت.**

**47. ھەممىگە دوست بولغان،**
**ھېچكىمگە دوست بولماس.**

**48. ئاتالمىغان مۈشتۈكنى قوينۇڭغا سال.**

* ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئۆتىدىغان جاسارىتىڭ

ۋە قەتئىي نىيىتىڭ بولمىسا، قۇرۇق پوپوزا قىلما.

**49. ئارسلان باغلاقتا بولسا،**

**توشقان بالىسىمۇ تېپىپ ئوينار.**

**50. باتۇر شەھەر ئالار،**

**نامەرد زەھەر (ئالار).**

**مەنبە:**

ئادىل مۇھەممەد ۋە روزىمۇھەممەد مۇتەللىپ نەشرگە

تەييارلىغان «ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»

دېگەن كىتابتىن ئېلىندى.

ئۇيغۇرلار ژۇرنىلى تەھرىراتى تەييارلىدى



# تەپەككۇر تامچىلىرى

# تەپەككۇر تامچىلىرى

تارىختىكى قارىنىغىمدا شۇنى تونۇپ يەتتىمكى، ئىتتىپاقلاشقان مىللەت گۈللىنىدۇ؛ ئىچكى نىزا، ئاداۋەتكە مۇپتىلا بولغان مىللەت ھالاك بولىدۇ.

بىلىم كىشىنى كۈچلۈك قىلىدۇ. ئەخلاق كىشىنى گۈزەل قىلىدۇ. بىر جەمئىيەتتە بۇ ئىككىسىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملىگەنلەر قانچە كۆپ بولسا، ئۇ جەمئىيەت شۇنچە گۈزەل، شۇنچە بەختلىك بولىدۇ.

گەپ قىلغانلار ماختىلىدىغان، ئىش قىلغانلار ئەيىبلىنىدىغان جەمئىيەتتە قىلىنىشقا تېگىشلىك كۆپۈنچە ئىش، ھەتتا ھېچبىر ئىش قىلىنمايدۇ. ئىش قىلغانلار ماختىلىدىغان، گەپ قىلىدىغانلار كۆزگە ئىلىنمايدىغان جەمئىيەتتە كەشپىياتلار، تەرەققىياتلار، يۈكسىلىشلەر ئارقا ـ ئارقىدىن مەيدانغا كېلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىغا بولغان مۇھەببەت ۋە ھۆرمەت — مىللەتكە بولغان مۇھەببەت ۋە ھۆرمەتنىڭ، مىللەتنى ياخشى كۆرۈشنىڭ جەۋھىرىدۇر.

دانا ئۈچۈن تۆر بىلەن پەگا مۇھىم ئەمەس. نادان ئۈچۈن تۆردىن باشقا نەرسە مۇھىم ئەمەس.

بىلىم ئىگىلىرىدە ئەخلاق بولمىسا، ئۇنىڭدىكى بىلىم ئەخلاقسىزلىقنىڭ كۈشكۈرتكۈچىسى بولۇپ قالىدۇ.

ھەسەتخورلۇقنىڭ بېشى بىئارامچىلىق، ئوتتۇرىسى ئۆچمەنلىك، ئاخىرىسى زىيانكەشلىك، نەتىجىسى ھالاكەتتۇر.

ياخشىلارغا تۆھمەت چاپلانغاندا سۈكۈت قىلىش ئەخلاقسىزلىقتۇر.

ياشلىقتا جاپا تارتىپ كەسىپ ئۆگەنگەن كىشى، قېرىغاندا ھوزۇرلۇق ۋە قەدىر-قىممەتلىك ياشايدۇ.

ئىنسان ئېغىر كۈنلەرنى بېشىدىن كەچۈرمىگۈچە، ياخشى كۈنلەرنىڭ قەدرىگە يەتمەيدۇ.

ياخشىلار بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇش بەخت-سائادەتنىڭ ئاچقۇچلىرىدىندۇر. ناچارلار بىلەن ئولتۇرۇپ قوپۇش ھەسرەت-نادامەتنىڭ مۇقەددىمىسىدۇر.

كىشى ئۆزىگە قانچە مەپتۇن بولغانسېرى، ئۇنىڭغا مەپتۇن بولىدىغانلارنىڭ سانى شۇنچە ئازلايدۇ.

نادانلار ئۈچۈن ئەڭ قىيىن ئىشلاردىن بىرى ئۆزىنى تونۇشتۇر. ئۇلار ھەتتا ئۆزىنى تونۇشنىڭ نېمىلىكىنىمۇ بىلمەيدۇ. نەتىجىدە، نادانلار ئۆزى بىلمەيدىغان ئىشلارنى باشقىلارغا تونۇتماقچى، ئۆگەتمەكچى بولىدۇ.

بېخىل پۇل-مالنى چىقىم قىلىشقا تېگىشلىك يەرلەرگە چىقىم قىلىشتىن قېچىپلا قالماي، ماختاشقا تېگىشلىك ئىشلارنىمۇ ماختاپ-مەدھىيىلەشكە ئىچى ئېچىشىدۇ. بېخىل ماختىلىشقا لايىق كىشىلەر ماختالسا، بۇ خىل ماختاشنىڭ ئىسراپ بولۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئاھ ئۇرىدۇ.

بىلىمگە ئىشتىياق باغلىغۇچىنىڭ بىلىم ئىگىلىرىدىن قاچقىنىنى، ياكى ئۇلارغا ئۆچلۈك قىلغىنىنى كۆرسەڭ، بىلگىنكى، ئۇنىڭ ئىشتىياق باغلىغىنى ئەسلىدە بىلىم ئەمەس، بىلىمدىن كېلىدىغان شۆھرەت ۋە باشقا مەنپەئەتلەردۇر.

— ھ. ئىبراھىم

***

كىچىكىمىزدىن تارتىپ، «مەنمۇ قىلالايمەن» دېيىش بىزگە پەزىلەت سۈپىتىدە تەلقىن قىلىنغاچقىمۇ ئەيتاۋۇر، بىزدە ئەمەلىي ئىش قىلىدىغانلاردىن بەكرەك، نېمىلەرنى قىلالايدىغانلىقى ھەققىدە داۋراڭ سېلىپ ئۆتۈپ كېتىدىغان مېۋىسىز دەرەخلەر كۆپ بولدى.

**بەزىلەرنىڭ ھاياتىنى «ياشاش» دېگەندىن كۆرە، «ئۆلۈپ قالماسلىق» دېگەن تۈزۈك.**

**بىز ـــ شەپقەتكە موھتاج شەپقەتسىزلەرمىز.**

**ھەر مەسىلىنىڭ تېگىدە «جاھالەت»نىڭ سۆرۈن تەلەتىنى كۆردۇم.**

**بىزدە ئەڭ سەل قارىلىۋاتقان ۋە ـــ خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا قىلغىنىدەك، ئۇيغۇر مىللىي كاپىتالىنى باستۇرۇشى دېگەندەك بېسىم بولمىغانلىقى سەۋەبلىك ـــ چەتئەللەردە قىلىش مۇمكىن بولغان ئىشلاردىن بىرى كۆلەملىك ئىگىلىك تىكلەشتۇر. ئىقتىسادىي ئۆلىمىزنىڭ ئاجىزلىقى بىزنى مائارىپتىمۇ، سىياسىي دەۋادىمۇ ھالسىراتتى ۋە داۋاملىق ھالسىرىتىدۇ.**

ـــ ئۆتكۈر ئالماس

ئوقۇرمەنلەرگە خۇش خەۋەر:

ژۇرنىلىمىز بۇ ساندىن باشلاپ «تەپەككۇر تامچىلىرى» سەھىپىسىنى يولغا قويدۇق. بۇنىڭدىكى مەقسەت، كىتابخۇمار، ئىلىمسۆيەر ۋە مۇستەقىل تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئوقۇرمەن ۋە قەلەمكەشلەرنى ئۆزىنىڭ قىسقا پىكىرلىرىنى خەلققە سۇنۇش ئارقىلىق، ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدا تەپەككۇر قىلىش قىزغىنلىقى قوزغاش ۋە خەلقىمىزگە ئوقۇرمەنلەرنىڭ پىكىرلىرىنى سۇنۇشتۇر.

دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ئىلىمسۆيەر قېرىنداشلارنىڭ ئۆز تەپەككۇرلىرىنى ژۇرنىلىمىزغا ئەۋەتىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. ئاپتورلۇق نۇقتىسىدىن ئىسىم فامىلىسى ۋە ياشاۋاتقان دۆلىتىنى ئاشكارا ئېلان قىلىشنى خالايدىغانلار شۇ بويىچە، خالىمايدىغانلارنىڭ تەپەككۇرلىرىنى تەخەللۇسى بويىچە ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىمىز.

ژۇرنالغا ئەۋەتىلگەن تەپەككۇرلارنىڭ مەلۇم لوگىكىلىق قىسقا ئوي پىكىرنى ئىپادىلىيەلەيدىغان بولۇشى، ئۇيغۇر تىلىنىڭ جۈملە ۋە ئىملا قائىدىلىرىگە ئۇيغۇن بولۇشى، ئىپادىلەنگەن پىكىر ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملىشىپ كەلگەن قىممەت قاراشلىرىغا ئۇيغۇن بولۇشى شەرت قىلىنىدۇ.

ھۆرمەت بىلەن: ئۇيغۇرلار ژۇرنىلى تەھرىراتى



ئەخمەتجان قاسىمى ۋە رەھىمجان سابىرنىڭ
سوۋېت باش كونسۇلغا يازغان خېتى

# ئەخمەتجان قاسىمى ۋە رەھىمجان سابىرىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى ساۋېلىيېفقا يازغان خېتى

ۋىلسون تور ئارخىپخانىسىدىكى 121803 ـ نومۇرلۇق ھۆججەت

**سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى ساۋېلىيېف ئەپەندىگە:**

**كەلگۈسى بىر قانچە كۈن ئىچىدە موسكۋاغا بارىدىغانلىقىڭىزنى بىلگەندىن كېيىن، بىز بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، سىزنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىسىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ قىزغىن سالىمىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ رەھبىرى ستالىن ئەپەندىگە يەتكۈزۈپ قويۇشىڭىزنى سورايمىز. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سىز شىنجاڭ خەلقى بىلەن مەركىزىي خىتاي ھۆكۈمىتى ئارىسىدا تىنچلىق بىتىمى ئىمزالىنىشىدا كېلىشتۈرگۈچى بولغانلىقىڭىز ئۈچۈن، بىز بەزى مەسىلىلەرنى دىققىتىڭىزگە سۇنۇشنى توغرا تاپتۇق.**

**تىنچلىق بىتىمى ئىمزالانغاندا، بىز ـــ ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ۋەكىللىرى ـــ شىنجاڭ خەلقىنىڭ باراۋەر ھوقۇقتىن بەھرىمەن قىلىنىشىدىن زور ئۈمىدلەرنى كۈتكەنىدۇق. گەرچە شۇنىڭدىن بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ، ئەمما بىتىمدىكى ماددىلارنىڭ ھەممىسى قەغەز يۈزىدىلا قېلىپ، بىتىم قىلتاقىقا ئايلىنىپ قالدى. خەلق ھازىر ئىلگىرىكىدىنمۇ ئېغىر زۇلۇمغا زېمىن ھازىرلانغان بىر ئۆلكىدە ياشاۋاتىدۇ.**

**خەلق بىتىمنىڭ ئىمزالانغانلىقىدىن زور ھاياجانغا چۆمگەنىدى. خىتاي دائىرىلىرىنىڭ (يەرلىك) سايلام جەريانىدا، پۇرسەت تاپقان ھامان پۈتلىكاشاڭ تۇغدۇرۇشىغا، ھەتتا قىسمەن ئەھۋاللاردا خەلقنىڭ پىلموت ۋە مىلتىقلار بىلەن باستۇرۇلۇشىغا قارىماستىن، خەلق يەنىلا نۇرغۇن جايلاردا يولسىزلارچە ۋەزىپىگە قويۇلغان ئەمەلدارلارنى ئەمەلدىن ئېلىپ تاشلاپ، ئۆزلىرى خالىغان كىشىلەرنى سايلاشقا مۇۋەپپەق بولدى. مەسىلەن، كۇچا ۋە كېرىيەدە خەلق ئاممىسى پىلموت بىلەن ئوققا تۇتۇلدى. ئارقىدىنلا، خەلق ئاممىسى تەرىپىدىن قوغلىۋېتىلگەن ئەمەلدارلار ھەربىي ۋاستىلەر ئارقىلىق تېخىمۇ مۇھىم خىزمەتلەرگە قويۇلدى. خەلق تەرىپىدىن سايلانغان خادىملار بولسا، زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى ۋە شۇ سەۋەبلىك خىزمىتىنى تاشلاپ، قېچىشقا مەجبۇر بولدى. شۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بەزى قەيسەر كىشىلەر تەھدىتلەرگە قارىماستىن خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرغان بولسىمۇ، ئەمما ئاقىۋەتتە يەنىلا تۈرمىگە تاشلاندى. خەلق تەرىپىدىن سايلانغان باشقا كىشىلەرنىڭ ۋەزىپىگە ئولتۇرۇشىغىمۇ يول قويۇلمىدى. ياركەنت، خوتەن، گۇما، قارغىلىق، بۈگۈر ۋە مارالبېشىدا ئەھۋال ئاشۇنداق بولدى. ئاقسۇ، كۇچا، باي ۋە قاراقاشتا، خىتاي ھەربىي دائىرىلىرى سايلام ئۆتكۈزمەستىنلا، ئۆز ئادەملىرىنى رايوننىڭ مەسئۇللۇقىغا ۋە مەسلىھەتچىلەر كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا**

تەيىنلىۋالدى. شۇ ۋەجىدىن، ياركەنت، خوتەن ۋە ئاقسۇ ۋىلايەتلىرىدە، بىتىمنىڭ بىرىنچى ماددىسى قەتئىيلا ئىجرا قىلىنمىدى.

بۇ رايونلاردىكى زىيانكەشلىكلەر باشقا جايلاردىكىدىن تېخىمۇ ئېغىر بولدى ۋە خەلق دۇچ كەلگەن سىياسىي زۇلۇم فاشىست دۆلەتلەردىكى مۇستەبىتلىكتىنمۇ ئېشىپ كەتتى.

مائارىپ مەسىلىسىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بىتىمنىڭ ئۈچىنچى ماددىسى ھېچيەردە ئىجرا قىلىنمىدى.

بىتىمنىڭ بەشىنچى ماددىسىغا كەلسەك، بىزنىڭ نەزىرىمىزدە، بۇ ماددا مەسخىرىدىن باشقا نەرسە ئەمەستۇر. چۈنكى كىم (مەزكۇر ماددىدا دېيىلگىنى بويىچە) مىللىي كۈلتۈر ۋە سەنئەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى تەلەپ قىلسا ھەمدە پىكىر، مەتبۇئات، نامايىش قىلىش ئەركىنلىرىدىن پايدىلانسا، ئەڭ ئېغىر جازاغا ئۇچراۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى يۇرتلىرىنى تەرك ئېتىپ، ئىلى ۋىلايىتىگە قېچىپ كېلىۋاتىدۇ، يەنە بەزىلىرى يېزىلاردا مۆكۈنۈپ يۈرۈۋاتىدۇ.

بىتىمنىڭ ئالتىنچى ماددىسى قوزغىلاڭغا قاتناشقانلارنىڭ قويۇپ بېرىلىش مەسىلىسىگە ئالاقىدار ئىدى. ئەمەلىيەتتە بولسا، نۇرغۇن كىشىلەر داۋاملىق تۈرمىلەردە يېتىۋاتىدۇ. كەڭ كۆلەمدە تۇتقۇن قىلىش، ئۇرۇپ ـ دۇمبالاش ۋە ئەھۋالنىڭ ئېغىرلىقىدىن نۇرغۇن قېتىم تەكرارلانغان ئۆلتۈرۈلۈش ۋەقەلىرى مەۋجۇت. شۇنچە ئەھۋالغا قارىماستىن، ئۈرۈمچى ۋە قەشقەردىكى خەلق يەنىلا ئۆزلىرى قولغا كەلتۈرگەن مەتبۇئات ئەركىنلىكىنى قوغداشقا ئۇرۇندى. بۇ گېزىتلەردە نۇرغۇن ۋەقەلەر خەۋەر قىلىنغان بولغاچقا، بۇ يەردە تەكرار توختالمىدۇق.

ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئۈچ ۋىلايەتتىن كەلگەن ئەزالىرىنىڭ ھېچبىرى ھېچقانداق ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولالمىدى. يېقىندىن بۇيان، مەزكۇر ئەزالارغا قارىتىلغان تۈرلۈك ئىغۋاگەرچىلىك قىلمىشلىرى بارغانسېرى ئەدەپ كېتىۋاتىدۇ. بۇ قىلمىشلار ئۇلارنىڭ خىزمىتىگە توسقۇنلۇق قىلىپلا قالماستىن، ئۇلارنىڭ ھاياتىنىمۇ تەھدىتكە ئۇچراتتى. رېئاللىق بۇنى ئىسپاتلاپ تۇرماقتا. مەسىلەن، 25 ـ فېۋرالدىكى نامايىش، 5 ـ مارتتىكى ۋەقە، ئالتىنچى ئاينىڭ ئاخىرىدا (ئەخمەتجان) قاسىمىنىڭ شوپۇرىنىڭ قولغا ئېلىنىشى، خىتايچە بىر گېزىتتا غۇلجا ئاھالىلىرىغا پاراكەندىچىلىك سېلىنغانلىقى ۋەھاكازا. ھۆكۈمەتنىڭ بەزى ئەزالىرى يېقىندا ــــ 27 ـ قېتىملىق ھۆكۈمەت يىغىنىدىكىدەك ــــ ئۈرۈمچىدىكى غۇلجىلىقلار قورۇسىغا قارشى ئاشكارا گەپ قىلىشقا باشلىدى.

بىتىمدىكى ھەربىي مەسىلىلەرگە چېتىشلىق نۇقتىلارغا كەلسەك، شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە بولىدۇكى، بىتىمگە ئاساسەن، 11 ~ 12 مىڭ كىشىلىك قوشۇن قۇرۇلدى ۋە ئۈچ ۋىلايەتنىڭ مەمۇرىي ئورگانلىرى قايتىدىن تەشكىللەندى. ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيەسىنىڭ قوماندانلىق شتابىغا ھاۋالە قىلىنغان بۇ ۋەزىپىمۇ ۋاقتىدا تاماملىنىپ، مۇناسىۋەتلىك ئورگانلارغا دوكلات قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئارمىيەگە قايتىدىن خىتاي فورمىسى تارقىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۈرۈمچىدىكى خىتاي ھەربىي قوماندانلىق

شتابى قوللاۋاتقان ئوسمان [ئوسمان باتۇر]نىڭ ئەترىتىنىڭ ئالتايدا پەيدا بولۇشى، ئەسكەرلىرىمىزنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى ۋە ئەسكەرلىرىمىز شۇ ۋەجىدىن ختاينىڭ ھەربىي فورمىسىنى كىيگىلى ئۇنىمىدى.

بىتىمدە ئاقسۇ ۋە قەشقەردە مىللىي مۇداپىئە قوشۇنى تەشكىللەش بەلگىلەنگەنىدى. ئەمما بىز قايتا - قايتا تەلەپ قىلغان بولساقمۇ، مەزكۇر ماددا ھېلىھەم ئىجرا قىلىنمىدى.

بىتىمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ماددىسىدا «قوزغىلاڭغا قاتناشقانلار باستۇرۇلمايدۇ» دېيىلگەنىدى. بىز بۇ يىل ئەتىيازدا جەنۇبنى زىيارەت قىلىش جەريانىدا ئازادلىق ھەرىكىتىنى قوللىغان 300 دىن ئارتۇق ئادەمنىڭ ئېغىر زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلىقىنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆردۇق، سابىت قارى، ھەسەن ھېبۇل، تۇرسۇن ئاخۇن قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قوزغىلاڭ رەھبەرلىرى ئۆلتۈرۈلگەن ياكى ئىز - دېرەكسىز غايىب بولغانىدى. نۆۋەتتە، جەنۇبتىكى ۋەزىيەت پەۋقۇلئاددە جىددىي. جەنۇبتىكى خەلق خانىۋەيران بولۇپ، كۆپ قىسمى پەۋقۇلئاددە قىيىن ماددىي شارائىت ئاستىدا ياشاۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ نۇرغۇنى ئۆز يۇرتلىرىدىن قوغلاپ چىقىرىلدى.

جەنۇبىي شىنجاڭدىكى خەلق بىتىمدا يېزىلغان ھوقۇقلاردىن ئەنە شۇنداق بەھرىمەن بولۇۋاتىدۇ.

بىز ئۈچ ۋىلايەتتىمۇ قانۇنسىز ۋەقەلەرنىڭ ئىككى - ئۈچ قېتىم يۈز بەرگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىمىز. سوۋېت ئىتتىپاقىدىن مۇساپىرلارنى قايتۇرۇپ كېلىش مەزگىلىدە، چۆچەك ئاھالىسى 10 ~ 15 نەپەر ھەربىي ۋە ساقچىلارنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان. تۈركىستان ئىسىملىك ھۆكۈمەت ۋەكىلى دۆربىلجىندا ئۆلتۈرۈلگەن. بۇ مەسىلىنىڭ ماھىيىتىگە چوقۇم ئالاھىدە دىققەت قىلماق لازىم. چۈنكى، (مەسىلىنىڭ ماھىيىتى شۇكى، ت) دەرغەزەپ بولغان چۆچەك خەلقى ئىلگىرىكى جاللاتنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن.

ھەربىيلەر ۋە ساقچىلار جەنۇبتا ۋەھشىي جىنايەتلەرنى سادىر قىلىپ، خەلقنى تولىمۇ ناچار ئەھۋال قويدى.

بىزنىڭ قارىشىمىزچە، كېلىشتۈرگۈچى بىتىمنىڭ ئۆز پېتى ۋە تولۇق ئىجرا قىلىنىشىغا مەسئۇل بولۇشى كېرەك.

سىز موسكۋاغا مېڭىش ئالدىدا تۇرغاندا، بۇ خەتنى سىزگە تاپشۇرۇۋاتىمىز ۋە كېلىشتۈرگۈچىنىڭ، يەنى شىنجاڭدا تىنچلىق بەرپا قىلىش ئۇرۇنۇشىنىڭ تەشەببۇسچىسى بولغان جانابىڭىزنىڭ يۇقىرىدىكى ئەھۋاللارنى ئۆز (سوۋېت) ھۆكۈمىتىنىڭ سەمىگە سالىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز.

بۇ ئۇزۇن خەت ئارقىلىق سىزنى بىسەرەمجان قىلغانلىقىمىزنى توغرا چۈشەنگەيسىز.

ھۆرمەت بىلەن، بىتىمگە ئىمزا قويغان خەلق ۋەكىللىرىدىن:

ئەخمەتجان قاسىمى

رەھىمجان سابىرى

**ئەسكەرتىش: بىتىم ئىمزالانغاندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت تولىمۇ ئېغىر ئىقتىسادىي بېسىمغا دۇچ كەلمەكتە. 1947 ـ يىلى 1 ـ يانۋاردىن باشلاپ، مەزكۇر ئۈچ ۋىلايەتنىڭ مەمۇرىي ۋە ھەربىي چىقىملىرى ئۈچۈن راسخوت ئاجرىتىلمىدى.**

**1947 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى.**

ئىنگىلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى

**مەنبە:**

https://digitalarchive.wilsoncenter.org/document/121803

# ئۆتكەن بىر ئاي ئىچىدىكى ئۇيغۇرلارغا

## مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ۋەقە - ھادىسىلەر



(2021-يىلى 11 – ئاينىڭ 28 – كۈنىدىن 12 – ئاينىڭ 28 - كۈنىگىچە)

# ئايلىق خەۋەر

**(2021 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنىدىن 12 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنىگىچە)**

*** خىتايدىن ۋە چاۋشيەندىن كېلىدىغان تەھدىت كۈچىيىۋاتقان ۋەزىيەتتە، ياپونىيە ئۆزىنىڭ مۇداپىئە ئىقتىدارىنى كۈچەيتىدىغانلىقىنى جاكارلىدى**

«aninews» تورىنىڭ 28 ـ نويابىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، ياپونىيە باش ۋەزىرى فۇمىئو كىشىدا «ياپونىيەنىڭ قۇرۇقلۇقتا ئۆزىنى قوغداش قىسىملىرى»نىڭ بازىسىدا قىلغان سۆزىدە، چاۋشيەنىنىڭ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىۋاتقان باشقۇرۇلىدىغان بومبا تېخنىكىسىغا ۋە خىتاينىڭ ھەربىي كېڭەيمىچىلىكىگە بولغان ئەندىشىسىنى بىلدۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇنىڭغا قايتۇرۇلغان ئىنكاس سۈپىتىدە، ياپونىيەنىڭ دۆلەت مۇداپىئە ئىقتىدارىنى كۈچەيتىدىغانلىقىنى جاكارلىغان.

كىشىدا بۇ ھەقتە ياپونىيەنىڭ ئۆزىنىڭ تاشقى ۋە ھەربىي سىياسەتلىرىگە قايتىدىن قاراپ چىقىش جەريانىدا، دۆلەت مۇداپىئە قىسىملىرىنى ياپونىيەگە دۈشمەنلىك قىلغان دۆلەتلەرنىڭ بازىلىرىغا ھۇجۇم قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق تاللاشلارنى ئويلىشىدىغانلىقىنى ئېيتقان.

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى خەلقئارالىق ئالاقىدار قانۇن ـ بەلگىلىمىلەردە، ياپونىيەنىڭ ھەربىي تەرەققىياتىغا خېلى زور چەكلىمىلەر قويۇلغانلىقى مەلۇم.

*** ئەنگلىيە ئالىي پالاتاسى ھۆكۈمەتنى دەرھال خىتايغا قارشى تەدبىر قوللىنىشقا ئۈندىدى**

«زىمىستان» تورىنىڭ 30 ـ نويابىردىكى خەۋىرىدە كۆرسىتىلىشىچە، ئەنگلىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى لىز تىرۇس شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇرلار دۇچ كەلگەن ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ داۋاملىشىۋاتقانلىقىنى ئېتىراپ قىلغاندىن كېيىنلا، ئالىي پالاتاسىنىڭ ئەزالىرىمۇ ھۆكۈمەتنى تېخىمۇ بەك كېچىكىپ كېتىشتىن ئىلگىرى ئۇيغۇرلار دۇچ كېلىۋاتقان ۋەھشىيلىكلەرنى توختىتىش ئۈچۈن تەدبىر قوللىنىشقا ئۈندىگەن. پېشقەدەم كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىسى دېيۋىد ئالتوننىڭ رەھبەرلىكىدە، ئالىي پالاتانىڭ ھەرقايسى پارتىيەدىن بولغان يىگىرمە نەپەر ئەزاسى ئۆزلىرىنىڭ خىتاينىڭ جىنايەتلىرىگە قارشى داۋاملىق كۆرەش قىلىش ئىرادىسىنى يەنە بىر قېتىم تەكىتلىگەن ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئۇيغۇرلار دۇچ كېلىۋاتقان، راستلىقىنى دەلىللەيدىغان پولاتتەك پاكىتلار مەۋجۇت بولغان جىنايەتلەرگە قارشى قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرغانلىقىنى ئەيىبلىگەن.

دېيۋىد ئالتون يەنە ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنىڭ سادىر قىلىنغان ـ قىلىنمىغانلىقىنىڭ خەلقئارالىق سوتلار تەرىپىدىن بېكىتىلىشىنىڭ نامۇۋاپىق ئىش ئىكەنلىكىنى، چۈنكى بۇ سوتلارنىڭ خىتاينىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

*** مەخپىي ھۆججەتلەردە، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان زۇلۇملىرىغا شى جىنپىڭنىڭ بىۋاستە يېتەكچىلىك قىلىۋاتقانلىقى ئاشكارىلاندى**

«ئوتتۇرا شەرق كۆزەتكۈچىسى» تورىنىڭ 1 ـ دېكابىردىكى ماقالىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، گېرمانىيەلىك تەتقىقاتچى، داڭلىق لاگېرشۇناس ئادرىيان زېنز 27 ـ نويابىر كۈنى «ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسى»نىڭ 3 ـ نۆۋەتلىك ئىسپات ئاڭلاش يىغىنىدا يېڭىدىن ئاشكارىلانغان «شەرقىي تۈركىستان ھۆججەتلىرى» ھەققىدە مۇھىم دوكلات بەرگەن. بۇ يىل 9 ـ ئايدا كىملىكىنى ئاشكارىلاشنى خالىمىغان بىر كىشى تەرىپىدىن «ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسى»گە ئەۋەتىپ بېرىلگەن مەزكۇر «شەرقىي تۈركىستان ھۆججەتلىرى» راست ـ يالغانلىقىنى دەلىللەش مەقسىتىدە، ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسى تەرىپىدىن ئادرىيان زېنز، جەيمىس مىلۋارد ۋە دېيۋىد توبىن قاتارلىق تەتقىقاتچىلارغا ئەۋەتىلگەن.

ئادرىيان زېنزنىڭ كۆرسىتىشىچە، بۇ ھۆججەتلەر خىتاينىڭ مۇتلەق مەخپىي ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرىنىڭ بىر قىسمى، شۇنداقلا 2019 ـ يىلى «نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى»گە ئەۋەتىپ بېرىلگەن ۋە گېزىتتە «شىنجاڭ ھۆججەتلىرى» دېگەن نامدا ئېلان قىلىنغان ھۆججەتلەرنىڭ دەل ئۆزى بولۇپ، ئىلگىرى نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى بۇ ھۆججەتلەرنىڭ ئاز بىر قىسمىنى ئېلان قىلغان بولسىمۇ، ئەسلى نۇسخىسىنى ۋە تولۇق مەزمۇنىنى ئېلان قىلمىغانىدى.

«مۇتلەق مەخپىي» دەپ تۈرگە ئايرىلغان، «يولداش شى جىنپىڭنىڭ شىنجاڭدا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈش جەريانىدىكى نۇتقى» ناملىق ھۆججەتتە، شى جىنپىڭ بىۋاستە شەرقىي تۈركىستاندىكى يەرلىك ھۆكۈمەتكە دىنىي ئاشقۇنلۇق ۋە زوراۋانلىققا قارشى تۇرۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن يەرلىك قانۇن نىزامى تۈزۈش ھوقۇقى بەرگەن بولۇپ، شۇنىڭدىن كېيىن، يەنى 2017 ـ يىلى 4 ـ ئايدا «ئاشقۇنلۇققا قارشى تۇرۇش نىزامى» يولغا قويۇلغان ۋە بۇ ئۇيغۇرلارنى كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىشقا، لاگېرلارغا سولاشقا ئاساس يارىتىپ بەرگەن.

ھالبۇكى، «نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى»نىڭ ئىككى يىلنىڭ ياقى شى جىنپىڭغا بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بۇ مەزمۇنلارنى نېمىشقا ئاشكارىلىمىغانلىقى بىر قاتار سىياسەتچىلەر ۋە كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىلىرىنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچرىغان.

*** تۋىتېر ۋە فېيسبوك خىتاينىڭ تەتۈر تەشۋىقات مۇجادىلىلىرىگە زەربە بەردى**

**«نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى» تورىنىڭ 2 ـ دېكابىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، تۋىتېر شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىگە قارشى سىستېمىلىق تەتۈر تەشۋىقات قىلمىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، خىتاي ھۆكۈمىتىگە ئالاقىدار ئىككى مىڭدىن ئارتۇق ساختا تەشۋىقات ھېسابىنى توختىتىۋەتكەن.**

**ئېگىلىنىشىچە، بۇ ھېسابلاردا شەرقىي تۈركىستاندىكى «بەختلىك تۇرمۇش» توغرىسىدىكى دۆلەت تەشۋىقاتى ۋە ساختا ئىسپاتلار تارقىتىلىدىكەن ۋە شۇ ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستاندا يىللاردىن بۇيان داۋام قىلىۋاتقان مىسلىسىز زۇلۇم، كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىش، مەجبۇرىي ئەمگەك ۋە مەجبۇرىي تۇغماس قىلىش ئوپېراتسىيەسى ھەققىدىكى ئەيىبلەشلەر ئىنكار قىلىنىدىكەن.**

**بۇ ھېسابلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ 30 مىڭدىن ئارتۇق تۋىتېر ئۇچۇرى تارقاتقانلىقى ئېنىقلانغان.**

**فېيسبوك ۋە ئىنستاگرام تورلىرىنىڭ ئانا شىركىتى بولغان مېتامۇ (Meta) يېقىندا خىتايدىكى ساختا ئۇچۇر تورىغا چېتىشلىق 500 دىن ئارتۇق ھېسابنى توختىتىۋەتكەن.**

*** لىتۋا بېيجىڭ ئولىمپىك مۇسابىقىسىنى دىپلوماتىك بايقۇت قىلغانلىقىنى جاكارلىدى**

**ھىندىستاندىكى «سىياسەت كۈندىلىك گېزىتى» تورىنىڭ 3 ـ دېكابىردىكى خەۋىرىدە كۆرسىتىلىشىچە، بۇ يىل 5 ـ ئايدا خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان ۋەھشىي جىنايى قىلمىشلىرىنى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» ۋە «ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت» دەپ ئېتىراپ قىلغانلىقىنى جاكارلىغان لىتۋا جۇمھۇرىيىتىنىڭ پرېزىدېنتى گىتاناس ناۋسېدا ئۆزىنىڭ ۋە باشقا مىنىستىرلارنىڭ بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىك مۇسابىقىسىغا قاتناشمايدىغانلىقىنى ئېلان قىلغان. ئارقىدىنلا لىتۋانىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى، شۇنداقلا باشقا مىنىستىرلىقلارمۇ بايانات ئېلان قىلىپ بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىك مۇسابىقىسىنى دىپلوماتىك بايقۇت قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىغان.**

**لىتۋا بۇ يىل 9 ـ ئايدا تەيۋەننىڭ لىتۋادا «تەيۋەن» دېگەن نام بىلەن ۋاكالەتخانا قۇرۇشىغا ئىجازەت بەرگەن ھەمدە 11 ـ ئايدا تەيۋەنگە ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەۋەتىپ، بىر يۈرۈش كېلىشىملەر تۈزگەندى ۋە شۇ سەۋەبلىك، خىتاي بىلەن بولغان دېپلوماتىك مۇناسىۋىتى ناچارلىشىپ، ئىككىلا تەرەپ ئەلچىلىرىنى ئۆز دۆلىتىگە چاقىرىپ كەلگەندى. يېقىندا خىتاي يەنە لىتۋادىكى ئەلچىخانىسىنىڭ ئورنىنى «ۋاكالەتخانا» دەرىجىسىگە تۆۋەنلەتكەنلىكىنى ئېلان قىلغان ھەمدە لىتۋانى «ئېغىر بەدەل تۆلەيدۇ» دەپ ئاگاھلاندۇرغان. ھالبۇكى، لىتۋا بۇ پوپوزىلار بىلەن پوزىتسىيەسىنى يۇمشىتىشنىڭ ئورنىغا، ئولىمپىكنى بايقۇت قىلىش قارارىنى جاكارلاپ، تېخىمۇ قاتتىق پوزىتسىيەسىنى بىلدۈرگەن.**

*** خىتاي ئولىمپىكنى دىپلوماتىك بايقۇت قىلىدىغان دۆلەتلەر بارغانسېرى كۆپەيمەكتە**

**«Dailypress» تورىنىڭ 8 ـ دېكابىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، 7 ـ دېكابىر كانادا باش ۋەزىرى جاستىن ترۇدۇ كىشىلىك هوقۇق جەھەتتىكى ئەندىشىلىرى سەۋەبلىك بېيجىڭدىكى قىشلىق ئولىمپىكنى دىپلوماتىك بايقۇت قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىغاندىن كېيىن، مەزكۇر ئولىمپىكنى بايقۇت قىلىدىغان دۆلەتلەرنىڭ سانى بەشكە يەتكەن بولۇپ، بۇلار ئامېرىكا، ئەنگلىيە، ئاۋستىرالىيە، لىتۋانىيە ۋە كانادا ئىكەن.**

**جاستىن ترۇدۇ مەزكۇر ئولىمپىكنى بايقۇت قىلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى سۆزىدە يەنە «بىز خىتاي هۆكۈمىتىنىڭ تەكرارلىنىۋاتقان كىشىلىك هوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرىدىن پەۋقۇلئاددە ئەندىشىلەنمەكتىمىز. ئۇلار (يەنى خىتاي) بىزنىڭ هەرقانداق دىپلوماتىك ۋەكىل ئەۋەتمەيدىغانلىقىمىزدىن هەيران قالماسلىقى كېرەك» دېگەن.**

*** ئامېرىكا خىتاي شىركەتلىرى ۋە ئەمەلدارلىرىغا ئۇيغۇرلارغا قىلغان زۇلۇملىرى سەۋەبلىك جازا ئېلان قىلدى**

**«بىلۇمبېرگ» تورىنىڭ 10 ـ دېكابىردىكى، «رويتېرس ئاگېنتلىقى» تورىنىڭ 11 ـ دېكابىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، ئامېرىكا خىتاي، بېرما ۋە چاۋشيەندىكى كىشىلىك هوقۇق دەپسەندىچىلىكىگە چېتىشلىق بىر قانچىلىغان شىركەت ۋە شەخسلەرگە جازا ئېلان قىلغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار ئۇچراۋاتقان زۇلۇمغا چېتىشلىق بولغان «شاڭتاڭ تېخنىكىسى» شىركىتى، شۇنداقلا خىتاي هۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستان شۆبىسىنىڭ سابىق رەئىسى شۆھرەت زاكىر ۋە نۆۋەتتىكى رەئىسى ئەركىن تۇنىياز قاتارلىق بار ئىكەن.**

**خەۋەردە كۆرسىتىلىشىچە، «شاڭتاڭ تېخنىكىسى» شىركىتى كىشىلەرنىڭ، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي تەركىبىنى ئېنىقلىيالايدىغان كۆزىتىش كامېراسى ياساپ چىققان بولۇپ، بۇ شىركەت هەتتا مەزكۇر كامېرالارنىڭ ئۇيغۇرلار كامېرادىن ساقلىنىش ئۈچۈن ساقال قويۇۋالغان، كۆزەينەك ياكى ماسكا تاقىۋالغان تەقدىردىمۇ، يەنىلا ئۇلارنى تونۇۋالالايدىغانلىقى هەققىدە داۋراڭ سالغان.**

**ئىگىلىنىشىچە، شۆھرەت زاكىر ۋە ئەركىن تۇنىيازغا جازا ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئامېرىكا تەۋەسىدىكى هەرقانداق مۈلكى توڭلىتىلىدىكەن. شۇنداقلا ئۇلارغا قاتتىق ۋىزا چەكلىمىسى قويۇلىدىكەن.**

**بۇنىڭدىن سىرت، ئامېرىكانىڭ مەزكۇر هەرىكىتىگە ئەنگلىيە ۋە كانادامۇ ئاۋاز قوشقان بولۇپ، ئامېرىكانىڭ مۇئاۋىن مالىيە مىنىستىرى ۋالىي ئادىيېمو بۇ هەقتە «بىزنىڭ بۇ هەرىكىتىمىزگە ئەنگلىيە ۋە كانادامۇ ئاۋاز قوشتى. بىز بۇ ئارقىلىق ‹دۇنيا مىقياسىدىكى دېموكراتىك دۆلەتلەر دۆلەت كۈچىنى**

سۈيىئىستېمال قىلىش ئارقىلىق كىشىلەرگە زۇلۇم ۋە ھەقسىزلىك قىلىۋاتقانلارغا قارشى ھەرىكەتكە ئۆتىدۇ ، دېگەن ئۈچۈرنى بەردۇق» دېگەن.

* مۇستەقىل «ئۇيغۇر سوت كولLېگىيەسى»: «خىتاي ئۇيغۇرلارغا قارشى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى سادىر قىلماقتا» دەپ ھۆكۈم چىقاردى

«BBC» تورىنىڭ 10 ـ دېكابىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، ئەنگلىيەدە قۇرۇلغان «ئۇيغۇر سوت كولLېگىيەسى» 9 ـ دېكابىر كۈنى «خىتاي ئۇيغۇرلارغا قارشى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى سادىر قىلماقتا» دەپ ھۆكۈم چىقارغان ۋە بۇ قارارىغا خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان نوپۇس چەكلەش ۋە ئاياللارنى تۇغماس قىلىۋېتىش قىلمىشلىرىنى ئاساسلىق سەۋەب سۈپىتىدە كۆرسەتكەن.

مەزكۇر سوتقا مەسئۇل بولغان تەجرىبىلىك ئادۋوكات جېفرېي نايس خىتاينىڭ «ئۇيغۇر ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسىنى ئۇزاق مۇددەتلىك ئازايتىش ئۈچۈن قەستەن، سىستېمىلىق ۋە بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن سىياسەتلەرنى يولغا قويغان»لىقىنى ئېيتقان. ئۇ يەنە مەزكۇر سوتقا قاتناشقان مۇتەخەسسىسلەرنىڭ خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يۇقىرى دەرىجىلىك خىتاي ئەمەلدارلىرىنى شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇسۇلمانلارغا قارىتىلغان جىنايەتلەرنىڭ «ئاساسلىق جاۋابكارلىرى» دەپ قارايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

ھالبۇكى «Aninews» تورىنىڭ 10 ـ دېكابىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، خىتاي يەنىلا ئىلگىرىكى تۇتۇمىنى داۋاملاشتۇرۇپ، مەزكۇر سوتنى ۋە چىقارغان ھۆكمىنى خۇنۇكلەشتۈرۈشكە ئۇرۇنغان. خىتاي ئاخبارات باياناتچىسى مەزكۇر سوتنى «ئاز ساندىكى خىتايغا قارشى ئۇنسۇرلار تەرىپىدىن جامائەتچىلىكنى ئالداش ۋە قايمۇقتۇرۇش ئۈچۈن قوللىنىلغان سىياسىي قورال» دېيىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، سوتنىڭ ئاخىرقى ھۆكمىنى «ھېچقانداق قانۇنىي ئاساسىي يوق؛ بىر ئوچۇم <چۈپرەندىلەر>نىڭ سىياسىي ھەزىلكەشلىكىدىن باشقا نەرسە ئەمەس» دېگەن.

* ياپونىيە خىتاي ئولىمپىكىنى دىپلوماتىك بايقۇت قىلىشى مۇمكىن

«ئەلجەزىرە» تورىنىڭ 11 ـ دېكابىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، ياپونىيەدىكى «يومىيۇرى» گېزىتى ئالاقىدار مەسىلىدىن خەۋەردار بىر قانچە كىشىنىڭ سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈپ «ياپونىيەنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى 2 ـ ئايدا بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلىدىغان قىشلىق ئولىمپىك مۇسابىقىسىگە بارماسلىقى، يەنى ئامېرىكاغا ئوخشاش يول تۇتۇپ، مەزكۇر مۇسابىقىنى دىپلوماتىك بايقۇت قىلىشى مۇمكىن» دېگەن.

مەزكۇر گېزىتكە كۆرە، ياپونىيە ھۆكۈمىتى مۇشۇ ئاينىڭ ئاخىرى بۇ ھەقتە رەسمىي قارار چىقىرىشى مۇمكىن ئىكەن. نۆۋەتتە ياپونىيەدىن توكيو ئولىمپىك مۇسابىقىسىنى تەشكىللەش كومىتېتىنىڭ سابىق رەئىسى سېيكو ھاشىموتونىڭلا بېيجىڭدىكى قىشلىق ئولىمپىكقا ۋەكىل سۈپىتىدە بېرىشى مۆلچەرلەنمەكتە.

ھالبۇكى، 10 ـ دېكابىر ياپونىيەنىڭ باش ئاخبارات باياناتچىسى ياپونىيەنىڭ خىتاي ئولىمپىكىغا ئەمەلدارلارنى ئەۋەتىش ـ ئەۋەتمەسلىك خۇسۇسىدا ھېلىھەم ھېچقانداق قارار چىقارمىغانلىقىنى ئېيتقانىدى.

* ئەنگلىيە دىپلوماتىيە مىنىستىرى يەتتە دۆلەت دىپلوماتىيە مىنىستىرلىرىنىڭ ئۇچرىشىشىنى «غەربنىڭ خىتايغا ۋە رۇسىيەگە قارشى بىرلىكسەپىنىڭ نامايەندىسى» دېدى

«قوغدىغۇچى گېزىتى» تورىنىڭ 11 ـ دېكابىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، ئۇكرائىنىيەنىڭ (رۇسىيە تەرىپىدىن) تاجاۋۇزغا ئۇچراش مۇمكىنچىلىكى، جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىدىكى جىددىيلىك، سۇغا چىلىشىش ئالدىدا تۇرغان «ئىران يادرو كېلىشىمى» قاتارلىق مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىش ئۈچۈن ئۆتكۈزۈلۈش ئالدىدا تۇرغان يەتتە دۆلەت مىنىستىرلىرى يىغىنىدىن ئىلگىرى، ئەنگلىيە دىپلوماتىيە مىنىستىرى لىز ترۇس مەزكۇر ئۇچرىشىشنىڭ «رۇسىيەنىڭ ئۇكرانىيەگە قاراتقان تۇتۇمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قەبىھ قىلمىشلارغا قارشى بىرلىكسەپنى نامايەن قىلىشنىڭ پۇرسىتى» دېگەن.

لىز ترۇس يەنە ئۆزىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ قىسمىتى توغرىسىدىكى ئەندىشىسىنى خىتاينىڭ ئەنگلىيەدىكى باش ئەلچىسىگە ئېيتقانلىقىنى بىلدۈرگەن.

* تۈركىيەدىكى ئاساسلىق ئۆكتىچى پارتىيەلەردىن بىرى بولغان «ئىيى پارتىيە» ئۇيغۇرلار دۇچ كېلىۋاتقان كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرى توغرىسىدا مەخسۇس دوكلات ئېلان قىلدى

ئۆز خەۋىرىمىز، تۈركىيەدىكى غوللۇق ئۆكتىچى پارتىيەلەردىن بىرى بولغان «ئىيى پارتىيە» 14 ـ دېكابىر كۈنى «كىشىلىك ھوقۇق ۋە شەرقىي تۈركىستان: خىتاينىڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى دوكلاتى» ناملىق دوكلاتنىڭ ئېلان قىلىنغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن، مەزكۇر پارتىيەنىڭ رەئىسى مەرال ئاقشەنەر باشچىلىقىدا مەخسۇس تونۇشتۇرۇش پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرغان بولۇپ، مەزكۇر پائالىيەتكە يەنە تۈركىيەدىكى باشقا ئۆكتىچى پارتىيەلەرنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرىمۇ قاتناشقان.

ئىيى پارتىيەنىڭ ئورگان تور بېتىدە كۆرسىتىلىشىچە، مەزكۇر دوكلات ئۇيغۇرچە، تۈركچە، ئىنگلىزچە، خىتايچە تۆت تىلدا تەييارلانغان.

مەزكۇر دوكلاتنىڭ 137 بەتلىك ئۇيغۇرچە نۇسخىسىدا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئومۇمىي قىلمىش ـ ئەتمىشلىرى، جۇملىدىن ئۇيغۇرلارنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش ئورۇنۇشى، ئۇيغۇرلار دۇچ كېلىۋاتقان

ئېتىقاد، مائارىپ، پىكىر ئەركىنلىكى مەسىلىلىرى، جازا لاگېرلىرى، مەجبۇرىي ئەمگەك، ئاياللارنىڭ مەجبۇرىي تۇغماس قىلىۋېتىلىشى قاتارلىق تېمىلار لاگېر شاھىتلىرىنىڭ گۇۋاھلىقلىرى ۋە باشقا دەلىللەر ئاساسىدا ئەتراپلىق بايان قىلىنغان.

بۇ پائالىيەتتە يەنە، مەزكۇر دوكلاتنى تەييارلىغۇچى ھۆسەيىن راشىد «لاگېر شاھىتلىرىنىڭ گۇۋاھلىقلىرىغا ۋە ب د ت نىڭ 1948 ـ يىلى ئىمزالانغان <ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئەھدىنامىسى>غا ئاساسلانغاندا، خىتاينىڭ نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستاندا قىلىۋاتقانلىرى دەل ئىرقىي قىرغىنچىلىقتۇر» دېگەن.

* خۇاۋېي شىركىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنى نازارەت قىلىش پروجېكتىگە باغلىنىشلىق ئىكەنلىكى بايقالدى

«قوغدىغۇچى گېزىتى» تورىنىڭ 15 ـ دېكابىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، «ۋاشىڭتون پوچتىسى» گېزىتى تەرىپىدىن تەكشۈرۈلگەن بىر يۈرۈش سېتىش تەشۋىقاتى ھۆججەتلىرىدە خۇاۋېي شىركىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنى ئاساسلىق ئوبيېكت قىلغان نازارەت قىلىش پروجېكتىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشتا رول ئوينىغانلىقى بايقالغان.

مەزكۇر پروجېكت ئاۋاز خاتىرىسى تەھلىلى، تۇتۇپ تۇرۇش مەركەزلىرىنى نازارەت قىلىش، سىياسىي ئەربابلارنىڭ ئورنىنى ئىز قوغلاش، شەرقىي تۈركىستاندىكى «ئامانلىق ساقلاش» نامىدىكى نازارەت قىلىش قاتارلىق تۈرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن.

* ماراكەش سوتى ئىدرىس ھەسەننى خىتايغا قايتۇرۇش قارارى چىقارغاندىن كېيىن، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئۇيغۇرلار ئىدرىس ھەسەننى قۇتقۇزۇۋېلىش ئۈچۈن جىددىي ھەرىكەتكە ئۆتتى

ئۆز خەۋىرىمىز، بۇ يىل 7 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تەلىپى بىلەن ماراكەش دۆلەت خەۋپسىزلىكى خادىملىرى تەرىپىدىن ماراكەشنىڭ كاسابلانكا ئايرودرومىدا قولغا ئېلىنغان ۋە شۇنىڭدىن بۇيان ماراكەشتە تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان كومپيۇتېر ئىنژېنېرى ۋە ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىسى ئىدرىس ھەسەننىڭ سوتى ماراكەش ئەدلىيە تارماقلىرى تەرىپىدىن بەش قېتىم كېچىكتۈرۈلگەندىن كېيىن، ماراكەش سوتى مۇشۇ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئىدرىس ھەسەننى خىتايغا قايتۇرۇش توغرىسىدا قارار چىقارغان.

ئىدرىس ھەسەننىڭ ئادۋوكاتى مىلاد كاندىلىنىڭ بىلدۈرۈشىچە، ماراكەش سوتىنىڭ مەزكۇر قارارىغا قارىتا نارازىلىق ئەرزى سۇنغىلى بولمايدىكەن.

شۇ ۋەجىدىن، مەزكۇر قارار چىقىرىلغان كۈننىڭ ئەتىسى، يەنى 12 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنىدىن باشلاپ، تۈركىيە، ئامېرىكا، نورۋېگىيە، گوللاندىيە ۋە كانادا قاتارلىق دۆلەتلەردىكى ئۇيغۇر جامائىتى شۇ دۆلەتلەردە تۇرۇشلۇق ماراكەش ئەلچىخانىلىرىنىڭ ئالدىدا كەڭ كۆلەملىك نارازىلىق نامايىشى ئۇيۇشتۇرۇپ،

ماراكەش ھۆكۈمىتىنىڭ قارارىغا ئېتىراز بىلدۈردى ۋە ئۇلارنى بۇ خاتا قارارنى دەرھال ئۆزگەرتىشكە چاقىردى.

ئىگەللىشىمىزچە، بىرلەشكەن دۆلەتلەر، بۈنگىدىن سىرت، تۈركىيە، نورۋېگىيە ۋە ئامېرىكادىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى مەزكۇر قارارنى ئەمەلدىن قالدۇرغۇزۇپ، ئىدرىس ھەسەننى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق دۆلەتلەردىكى ئالاقىدار ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرى بىلەن بىۋاسىتە ئالاقىلاشقان.

* ئامېرىكا خىتاينىڭ ئوتتۇزدىن ئارتۇق تەتقىقات ئورۇنلىرى ۋە شىركەتلىرىگە كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى ۋە «مېڭە كونترول قىلىدىغان قوراللار»نى ياسىغانلىقى سەۋەبلىك سودا چەكلىمىسى قويدى

«cnbc» تورىنىڭ 16 ـ دېكابىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، بايدېن ھۆكۈمىتى خىتاينىڭ ئوتتۇزدىن ئارتۇق تەتقىقات ئورگىنى ۋە شىركەتلىرىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقنى دەپسەندە قىلغانلىقى ۋە ئامېرىكانىڭ دۆلەت بىخەتەرلىكىگە زىيان يەتكۈزىدىغان مېڭە كونترول قىلىش قورالى قاتارلىق تېخنىكىلارنى تەرەققىي قىلدۇرغانلىقى توغرىسىدىكى مۆلچەر سەۋەبلىك، ئۇلارغا سودا چەكلىمىسى قويغانلىقىنى جاكارلىغان.

«فېدېراتسىيە ئاخباراتى»دىكى بىر پارچە ئۇقتۇرۇشقا كۆرە، ئامېرىكا سودا مىنىستىرلىقى خىتاي ھەربىي تىببىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى ۋە ئۇنىڭ قارمىقىدىكى 11 تەتقىقات ئورگىنىنى بىئوتېخنىكا ئارقىلىق «خىتاي ھەربىي دائىرىلىرىنىڭ ئاتالمىش مېڭىنى كونترول قىلىدىغان قوراللارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىئولوگىيەلىك قوراللارنى ئىشلىتىشكە ھەمدەمدە بولغان» دەپ ئەيىبلىگەن.

* ئامازون تورى بېيجىڭدىن كەلگەن بۇيرۇققا بىنائەن، شى جىنپىڭنىڭ كىتابى توغرىسىدا ئىنكاس يېزىشنى چەكلىگەن

ئامېرىكا مەنبەلىك «خەۋەر ھەپتىلىكى» تورىنىڭ 17 ـ دېكابىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ تور بازارلىرىدىن بىرى بولغان ئامازون تورى بۈنگىدىن ئىككى يىل ئىلگىرى ئۆزىنىڭ خىتايچە سەھىپىسىدە، خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ نۇتۇقلىرى ۋە ئەسەرلىرىنىڭ تاللانمىسى بولغان «شى جىنپىڭنىڭ ئەلنى ئىدارە قىلىش ئىستراتېگىيەسى» دېگەن كىتابىنى تور بېتىنىڭ ئەڭ كۆزگە چېلىقىدىغان يېرىدە تەشۋىق قىلغان ۋە خىتاي دائىرىلىرىنىڭ كۆرسەتمىسىگە بىنائەن مەزكۇر كىتاب توغرىسىدا ھەرقانداق ئىنكاس يېزىشنى ۋە كىتابقا نومۇر قويۇشنى چەكلىۋەتكەن.

ئەھۋالدىن خەۋەردار كىشىلەرنىڭ بىلدۈرۈشىچە، خىتاي ھۆكۈمىتى ئوقۇرمەنلەرنىڭ سەلبىي ئىنكاسلىرىغا ۋە بەش يۇلتۇزدىن تۆۋەن باھاسىغا تاقەت قىلالمايدىغان بولغاچقا، كىتابقا نومۇر قويۇشنى ۋە ئىنكاس يېزىشنى چەكلىۋېتىشنى تەلەپ قىلغان.

رويتېرس ئاگېنتلىقى تەرىپىدىن دەلىللەنگەن، 2018 ـ يىلى ئامازوننىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك باشقۇرغۇچىلىرى ئۇچۇن تەييارلانغان ئىچكى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش ھۆججىتىدە مەزكۇر شىركەت خىتايدا سودا قىلىش جەريانىدا دۇچ كېلىدىغان بىر قاتار «يادرولۇق مەسىلىلەر» تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە «ئىدىئولوگىيەنى تىزگىنلەش ۋە تەشۋىقات كومپارتىيەنىڭ ئۇتۇق قازىنىشى ۋە ئۇتۇقلىرىنى ساقلاپ قېلىشىدىكى يادرولۇق قورالدۇر» دېيىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە: «بىز (ئامازون شىركىتى) بۇنىڭ توغرا ـ خاتالىقىغا ھۆكۈم قىلمايمىز» دېگەن.

* «ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قانۇن لايىھەسى» بايدېننىڭ ئىمزالىشىغا سۇنۇلدى

«CNN» تورىنىڭ 17 ـ دېكابىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، بىرلىككە كەلگەن ئاخىرقى نۇسخىسى 14 ـ دېكابىر كۈنى كەچتە ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسىدا تولۇق ئاۋاز بىلەن ماقۇللۇقتىن ئۆتكەن «ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قانۇن لايىھەسى» ئامېرىكا كېڭەش پالاتاسىدىمۇ تولۇق ئاۋاز بىلەن ماقۇللانغاندىن كېيىن، ئاقسارايغا، بايدېننىڭ ئىمزالىشىغا يوللانغان.

ئاقسارايىنىڭ باياناتچىسى جېن ساكىمۇ 14 ـ دېكابىر تۈنجى قېتىم مەزكۇر قانۇن لايىھەسى ئاۋام پالاتاسى ۋە كېڭەش پالاتاسىدا ماقۇللانغان ھامان، پرېزىدېنت بايدېننىڭ ئۇنى ئىمزالايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنىدى.

مەزكۇر قانۇن لايىھەسى رەسمىي قانۇنغا ئايلانغاندىن كېيىن، شەرقىي تۈركىستاندا ئىشلەپچىقىرىلغان ھەرقانداق مەھسۇلاتنىڭ ئامېرىكا بازىرىغا كىرەلىشى ئۈچۈن، چوقۇم ئاشۇ مەھسۇلاتنىڭ مەجبۇرىي ئەمگەك بىلەن چېتىشلىقى يوقلۇقى ئىسپاتلىنىشى شەرت ئىكەن.

* خىتاينىڭ تەيۋەننىڭ ھەربىي ساھەسىگە قاراتقان جاسۇسلۇقلىرى ئاشكارىلاندى

«ياپونىيە ۋاقىت گېزىتى» تورىنىڭ 20 ـ دېكابىردىكى ماقالىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، يېقىندا خىتاينىڭ تەيۋەن ھەربىي ساھەسىدە جاسۇسلۇق تورى بەرپا قىلىش ئۇرۇنۇشى توغرىسىدىكى دېلو ھۆججەتلىرى ئاشكارىلانغان ۋە رويتېرس ئاگېنتلىقى تەرىپىدىن دەلىللەنگەن بولۇپ، مەزكۇر ھۆججەتلەردە كۆرسىتىلىشىچە، خىتاي يىگىرمە يىلنىڭ ئالدىدا شيې شجاڭ ئىسىملىك بىرەيلەننى «خوڭكوڭلۇق سودىگەر» سىياقىدا تەيۋەنگە كىرگۈزۈپ، تەيۋەن ھەربىي ساھەسىدە جاسۇسلۇق تورى بەرپا قىلىشقا ئۇرۇنغان ۋە بۇ جەھەتتە خېلى كۆپ نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. مەسىلەن، شيې شجاڭ ئىسىملىك بۇ خىتاي 2006 ـ يىلى تەيۋەن دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ سابىق ئوفتسېرى چاڭ پېيىنگنى پۇل ئارقىلىق ئىندەككە كەلتۈرۈپ، ئۇنى خىتاي ئۈچۈن جاسۇسلۇق قىلىشقا كۆندۈرگەن. باشقا ئالاقىدار مەسىلىلەردىنمۇ مەلۇم بولۇشىچە، خىتاي

تەيۋەننىڭ ھەربىي ئوفتسېرلىرىنى ئىندەككە كەلتۈرۈشتە، ئاساسلىقى ئۆلارنىڭ ئاياللىرىغا سوۋغا ـ سالام، پۇل ـ پۇچەك بېرىش تاكتىكىسىنى قوللانغان.

مەزكۇر دېلوغا ئالاقىدار ھۆججەتلەردە كۆرسىتىلىشىچە، خىتاي تەيۋەننىڭ ھەربىي ۋە مەمۇرىي رەھبەرلىك قاتلىمىنى چىرىتىش، (خىتاي بىلەن) ئۇرۇش قىلىش جاسارىتىنى سۇندۇرۇش، يۇقىرى تېخنىكىلىق قوراللارغا ۋە تەيۋەننىڭ مۇداپىئە پىلانىغا ئالاقىدار مەخپىيەتلىكلەرنى قولغا چۈشۈرۈشكە ئۇرۇنغان.

گەرچە تەيۋەن دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى جاسۇسلۇققا قارشى مۇجادىلە ئارقىلىق خىتاينىڭ تەيۋەننىڭ ھەربىي ساھەسىگە سىڭىپ كىرىشىنى توسۇپ قالغانلىقىنى ئېيتقان بولسىمۇ، ئەمما بۇ جەرياندا كونكرېت قانچىلىك مەخپىيەتلىكلەرنىڭ خىتاينىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەنلىكى ھېلىھەم نامەلۇم ئىكەن.

* ماراكەشتىكى نوپۇزلۇق تەشكىلات ماراكەش ھۆكۈمىتىنى ئىدرىس ھەسەننى خىتايغا قايتۇرماسلىققا چاقىردى

«ماراكەش دۇنيا خەۋەرلىرى تورى»نىڭ 21 ـ دېكابىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، 12 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ماراكەشتىكى سابىق ھاكىمىيەت يۈرگۈزگۈچى ئىسلامىي پارتىيە ـــ PJD گە قاراشلىق ئاساسىي قاتلام ياشلار ھەرىكىتى بولغان «ئىتتىپاقلىق ۋە ئىسلاھات ھەرىكىتى»نىڭ كىشىلىك ھوقۇق كومېتىتى ماراكەشنىڭ ئىچكى ـ سىرتىدىكى خەلقئارالىق كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداش تەشكىلاتلىرى قوزغىغان ئاممىۋى نامايىشتا، ماراكەش ئالىي سوت مەھكىمىسىنىڭ ئىدرىس ھەسەننى ئۆتكۈزۈپ بېرىش قارارىغا قارىتا بايانات ئېلان قىلىپ: «ئەگەر ئۇيغۇر مۇسۇلمان خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلسە، ئۇ يا قىيىن ـ قىستاققا ئۇچراپ، ئۇزۇن مۇددەتلىك قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىدۇ، يا ئۆلۈم جازاسىغا دۇچ كېلىدۇ» دېگەن ۋە ماراكەش ھۆكۈمىتىنى ئۆزلىرى ئىمزا قويغان خەلقئارالىق كىشىلىك ھوقۇق قانۇنى، تۆتىنچى قېتىملىق جەنۋە ئەھدىنامىسىنى، شۇنداقلا (ئىدرىس ھەسەننىڭ) ئۈچ پەرزەنتىنى نەزەردە تۇتقان ھالدا، ئىدرىس ھەسەننى خىتايغا قايتۇرماسلىققا ئۈندىگەن.

* خىتاي شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى سەۋەبلىك ئامېرىكا ئەمەلدارلىرىغا جازا ئېلان قىلدى

«فوكس خەۋەرلىرى» تورىنىڭ 22 ـ دېكابىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، خىتاي ھۆكۈمىتى 21 ـ دېكابىر ئامېرىكانىڭ دىنىي ئەركىنلىك ئىشلىرىغا مەسئۇل تۆت نەپەر ئەمەلدارىغا جازا ئېلان قىلغان بولۇپ، بۇ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئامېرىكانىڭ بۇنىڭدىن ئىككى ھەپتە ئاۋۋال خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇشىغا قارىتا ئېلان قىلغان جازا تەدبىرىگە قارشى ئۈچ ئېلىش خاراكتېرلىك جازا تەدبىرى ئىكەن.

خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ باياناتچىسى جاۋ لىجيەننىڭ بىلدۈرۈشىچە، ئامېرىكا دىنىي ئەركىنلىك كومېتېتىنىڭ رەئىسى نەدىن مىئانزا، مۇئاۋىن رەئىسى نۇرى تۈركەل ۋە كومىسسارلىرىدىن ئانۇرىما

بارگاۋا، جېيمس كار قاتارلىقلارنىڭ خىتاي چوڭ قۇرۇقلۇقىغا، خوڭكوڭغا ۋە ئاۋمېنغا كىرىشى چەكلىنىپ، ئۇلارنىڭ خىتايدىكى مال ـ مۈلكى توڭلىتىلىدىكەن، بۇنىڭدىن سىرت ئۇلارنىڭ خىتاي پۇقرالىرى ۋە شىركەتلىرى بىلەن سودا قىلىشى چەكلىنىدىكەن.

* ئىنتېل شىركىتى مەجبۇرىي ئەمگەك توغرىسىدىكى تۇتۇمى سەۋەبلىك خىتايدىن كەچۈرۈم سورىدى

«رويتېرس ئاگېنتلىقى» تورىنىڭ 23 ـ دېكابىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، ئامېرىكانىڭ ئۆزەك ئىشلەپچىقارغۇچى شىركىتى يېقىندا ئۆزىنىڭ تەمىنلىگۈچىلىرىگە ئەۋەتكەن خېتىدە شەرقىي تۈركىستاندىن مەھسۇلات ياكى ئەمگەك كۈچى سېتىۋالماسلىقنى تەلەپ قىلغانلىقى سەۋەبلىك، خىتايدا قاتتىق نارازىلىققا دۇچ كەلگەن ۋە شۇ ۋەجىدىن خىتايدىن كەچۈرۈم سورىغان.

ئىگىلىنىشچە، ئىنتېل ئۆزىنىڭ تەمىنلىگۈچىلەرگە يوللىغان يىللىق مەكتۇپىدا «بىر قانچىلىغان دۆلەتلەردە يولغا قويۇلغان چەكلىمىلەر سەۋەبلىك، تەمىنات زەنجىرىدە شەرقىي تۈركىستاندىكى ھەرقانداق ئەمگەك كۈچىدىن پايدىلانماسلىقنى ۋە مەھسۇلاتلارنى سېتىۋالماسلىقنى كاپالەتلىك قىلىش»نى تەلەپ قىلغان.

ھالبۇكى، خىتايدا ئون مىڭ خىزمەتچىسى بار ئىنتېل شىركىتى 23 ـ دېكابىر كۈنى، ئۆزىنىڭ ئۈندىدار ۋە مىكرو بىلوگ ھېسابلىرىدا خىتايچە باياناتى ئېلان قىلىپ، تۆۋەندىكىدەك كەچۈرۈم سورىغان: «بىز ھۆرمەتلىك خىتاي خېرىدارلىرىمىز، شېرىكلىرىمىز ۋە جامائەتچىلىككە كەلتۈرگەن ئاۋارىچىلىقلار ئۈچۈن كەچۈرۈم سورايمىز. ئىنتېل (خىتاينىڭ) ئىشەنچلىك تېخنىكا ھەمراھىغا ئايلىنىش ۋە خىتاي بىلەن ئورتاق تەرەققىياتنى تېزلىتىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ. بىز مەزكۇر مەسىلىنىڭ (يەنى شەرقىي تۈركىستان ۋە مەجبۇرىي ئەمگەك مەسىلىسىنىڭ) خىتايدىكى سەزگۈرلۈكىگە ھۆرمەت قىلىمىز».

ئەمما، خىتاي تور ئەھلى، ئىنتېل شىركىتىنىڭ كەچۈرۈمىنى قوبۇل قىلماقتا يوق، «<ئىنتېل> سەممىي كەچۈرۈم سورىدىمۇ؟» دېگەن ھەشتەگ شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، سىنا مىكرو بىلوگىنىڭ قىزىق نۇقتىلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالغان.

* ياپونىيە بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىك مۇسابىقىسىگە ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنى ئەۋەتىش پىلانى يوقلۇقىنى ئېلان قىلدى

«france24» تورىنىڭ 24 ـ دېكابىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، ياپونىيە ھۆكۈمىتىنىڭ باش باياناتچىسى خىروكازۇ ماتسۇنو ياپونىيەنىڭ بېيجىڭ ئولىمپىك مۇسابىقىسىغا سىياسىي ۋەكىللەرنى ئەۋەتىش «پىلانى يوق»لۇقىنى ئېلان قىلغان ۋە «ياپونىيە خەلقئارا جەمئىيەتكە ئورتاق بولغان ئەركىنلىك، كىشىلىك ھوقۇق،

**قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش قاتارلىقلارنىڭ خىتايدىمۇ ئېتىبارغا ئېلىنىشىنى مۇھىم دەپ قارايدۇ» دېگەن بولسىمۇ، ئامېرىكا ۋە باشقا دۆلەتلەرنىڭ قىلغىنىدەك، بۇنى «بايقۇت» دەپ ئاتىمىغان.**

**ياپونىيە مەزكۇر قارارنى ئېلان قىلار ـ قىلماستىن، خىتاي تەرەپمۇ شۇ كۈنىلا بايانات ئېلان قىلىپ، ياپونىيەنى «تەنھەرىكەتنى سىياسىيلاشتۇرماسلىق»قا ئۈندىگەن بولسىمۇ، ئەمما خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ باياناتچىسى جاۋ لىجيەن ياپونىيەگە قارىتا، مەزكۇر ئولىمپىكنى دىپلوماتىك بايقۇت قىلىدىغانلىقىنى ئوچۇق جاكارلىغان ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەرگە ئىشلەتكەن «ئۇلار بۇ قىلمىشى ئۈچۈن بەدەل تۆلەيدۇ» دېگەندەك تەھدىتلىك ئىبارىلەرنى ئىشلەتمەستىن، «بىز ياپونىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئالاقىدار سۆزلىرىدىن ۋاقىپلاندۇق. بىز ياپونىيە تەرەپنىڭ خىتاي ـ ياپونىيە ئارىسىدىكى بىر ـ بىرىنىڭ ئولىمپىك مۇسابىقىسىنى قوللاش ۋە ئولىمپىكنى سىياسىيلاشتۇرماسلىق ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز ۋە ئۇلارنى شۇنداق قىلىشقا ئۈندەيمىز» دېگەن.**

ھېكمەتيار ئىبراھىم تەييارلىدى



## ھەمراجان ئامراق

ئۇيغۇرلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان مۆتىۋەرلىرىمىزدىن بىرى،
رۇسىيەنىڭ سانكىت پېتېربۇرگدا ياشاۋاتقان ھۆرمەتلىك ھەمراجان ئامراق ئاكا

# ئۇيغۇرلار

*The Uyghurs*

ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى

The Magazine of the Uyghur Culture and Survival



**ئەقىل ئىنساننىڭ توغرا ئىش قىلىش ئىقتىدارىدۇر.**